

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

6

1985

Xinjiang Cirization




بىر جۈپ زەرەپ

شۇ چۇنگۇاڭ سىزغان

شىنجاڭ مەدەنىيىتى
قوش ئايلىق ئەدەبىي ژورنال

34 - يىل نەشرى
1985 - يىل 6 - سان

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلەر

ناخشىچى ........ ئەخمەت ھاشىم 3
ئىنسانغا مۇھەببەت ........ ئەبەيدۇللا ئىبراھىم 76
ئازاپلانغان يۈرەك ........ غەلبە مۇھەممەت 15

× × ×

بەگلىكتىن چۈشكەندە ........ سىرپېيرپ 68

## سەھنە ماتېرىياللىرى

ناخشا تېكىستلىرى ........ ئېزىز نىيازى 24
بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي (راۋاپ قوشىقى) ........ تەلئەت تۇردى 25
دېخان ناخشىسى ........ (ناخشا تېكىستى) ........ ئابدۇللا ساۋۇت 26

## شېئىرلار

ئاھ، چاقچاق ........ (داستان) ........ مەھەممەت شاۋۇدۇن 10
ئىككى شېئىر ........ ئابدۇرېھىم ئابدۇللا 27
ئاتۇش ئۈسۈلى ........ مۇختار خېلىل 28
مۇقام ئىشقى ........ سادىن سادىرى 28
ئۇستازىم ........ ئاۋۇت ساۋۇت 29
ئىككى شېئىر ........ يۈسۈپ كېرىم 30
جاۋاپ ........ تۇرسۇن ئابدۇقادىر 30

## تارىختىن سۆز

يولسىز ئەقىدە ........ (تارىخىي ئوبزور) ........ نىزامىدىن ھۈسەيىن 53

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

قىلىچ ئۆمەر ........ (چۆچەك) ........ 31
مۇھەببەت بېيىتلىرى ........ 46

## تىيانشان غۇنچىلىرى

باللار ئويۇنلىرى ........ ئابدۇراخمان ئەبەي 48

## قىزىقچىلىرىمىز

ئىشقىيار پىكىرلىرى ........ 64

## دۇنياغا نەزەر

بۈگۈنكى شېكسپىر خانلىق تىياتىر ئۆمىكى ........ شىللار. دىۋرىس 70

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە تۇرپان ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇنلىغان ئۈسۈللۇق ناخشا «نازۇگۇم»دىن بىر كۆرۈنۈش ........ خاسىيەت فوتوسى

بۇ ساندىكى بەت بېشى ۋە قىستۇرما رەسىملەرنى ئابدۇراۋۇپ ئابدۇللا ئىشلىگەن.

# قوبۇل قىلغىن ئىشقىمنى

(يالغۇز كىشىلىك ناخشا)

(ئوتتا تېمپىدا)

1=F 4/4

سۆزى ۋە مۇزىكىسى

ئىسكەندەر سەيپۇللانائىچ




ئاشىق بولدۇم ئاي يۈزلۈك گۈزەل نىگارغا، چاتتىم ساڭا مۇھەببەت رىشتىمنى گۈزەل،

بۇلبۇل كېلىپ قونۇپتۇ چالغان دۇتارغا. قوبۇل ئەتكىن يالقۇنلۇق ئىشقىمنى گۈزەل.

كۈيلەر ئىگەن ئۇمەرتلىك، ۋاپادارلىقنى، چىن مۇھەببەت ياشايدۇ ئۆمۈردىن ئۇزاق،

ۋۇجۇدىنى ئوخشاتتىم سولماس باھارغا، تۆكەي ساڭا پاك ئەقىدەم مېھرىمنى گۈزەل.




(ھېكايە)

**ئەخەت ھاشىم**

ۋاھ، بۈگۈن راسا ناخشا ئاڭلاپ مەززە قىلىدىغان كۈن ئىكەن-دە! تېلېۋىزورنى ئېچىشىمغىلا تاللانغان ناخشىلار ۋە بايرام كېچىلىكىدىكى يېڭى نومۇرلار بېرىلىشكە باشلىدى. ئېكراندا داڭلىق ناخشىچىلارنىڭ ئورۇنلىشىدا بىر-بىرىدىن ئېسىل ناخشىلار ئېيتىلماقتا...

—بارىكاللا، ياشاپ كېتىڭلار ئەزىمەتلەر!...

مەن خۇشاللىقتىن ئىچ-ئىچىمگە پاتماي كەتتىم. بىردەمدىن كېيىن ئېكراندا يەنە ئاتاغلىق ناخشىچىمىز پاشا ئىشان پەيدا بولدى-دە، خۇش تەبەسسۇم ئىچىدە «ئەجەم» مۇقامىنى باشلىۋەتتى...

«بەللى، ئەجەپ ئېسىل يېرىدىن چۈشتى! ئارقا-ئارقىدىن يەنە بىر نەچچە ناخشا ئېيتىۋەتكەن بولسا خويمۇ ياخشى بولاتتى!...»

ئويلىغىنىمدەك بولدى، پاشا ئىشان «ئەجەم» مۇقامىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن گۈلدۈراس ئالقىشلار ئىچىدە يەنە باشقا ناخشىلارنى ئېيتىشقا باشلىدى. «لىۋەن يارلار»، «ھەي نادان»، «سادىر» ناخشىلىرىنى ئېيتقىلى تۇرغاندا، قەلبىم ھاياجان ئىلكىدە ئۆركەش ياساپ زادىلا ئولتۇرالماي قالدىم. گويا مېنىمۇ ئاشۇ دولقۇنلۇق ئاھاڭلارغا قوشۇلۇپ، ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ ئىز-تامغىسى بېسىلغان مەغرۇر تاغ-دەريالار، پايانسىز چۆل-باياۋان، يايلاقلاردا سەيلى قىلاتتىم. كېرىپكىلىرىمنىڭ ئىختىيارسىز نەملەشكەنلىكىنى سەزمەي قاپتىمەن، شۇ ھامان كۆز ئالدىم تۇمانلاشتى-دە، خىياللىرىم يىراق ئۆتمۈشكە-بالىلىق چاغلىرىمغا كەتتى.

ئاغزىدىن «سادىر» ناخشىسىنى چۈشۈرمەيدىغان ناخشىچى ھامۇتكام كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى...

☼ ☼ ☼

ھەممە يېقىدىن كەمبەغەللىك، غېرىپ-مىسكىنلىك يېغىپ تۇرىدىغان ئائىلىدە ئۆسكەنلىكىمنى ئۇچۇنمىكىن تاڭ؟ بالا چېغىمدىن تارتىپلا ئاجايىپ ناخشا خۇمارى ئىدىم. ناخشا دېسە جېنىم پىشىرىپ كېتەتتى. نەدە ناخشا ئاڭلانسا ھەممىنى ئۇنتۇپ شۇياققا چاپاتتىم.

دەرۋەقە ئۇ زامانلاردا ھازىرقىدەك توختىماي ناخشا-مۇزىكا ياڭراپ تۇرىدىغان رادىيو، تېلېۋىزورلارنىڭ يوقلۇقى ھەممىگە ئايان. لېكىن كۆڭلى سۇتتىنمۇ ئاق، ئەمگەكچان، باتۇر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېقىملىق خۇشئاۋازى قاچانمۇ ئۆچۈپ قالغان؟...

شۇنداق، ئۇلارنىڭ قايغۇ-ھەسرەت، ئۇلۇغۋار ئارزۇ-ئىستەك، ئازادلىق ۋە ئەركىنلىككە بولغان تەشنالىقىنى ئىزھار قىلىدىغان جاراڭلىق قەلب كۈيلىرى ھەر قاچان، ھەممىلا يەردە ياڭراپ تۇراتتى. ھېلىمۇ ئۇنۇتالمىغىنىمدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: مەيلى ئوما كۈنلىرى مېھرىۋان ئانام بىلەن بىللە قوساق غېمىدە يىراق يېزا سەھرالارغا بېرىپ باش تېرىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا بولسۇن، مەيلى قىش-ياز كىشىلەر ئىشىگىدە مەدىكارچىلىق قىلىدىغان بىچارە دادامنىڭ كەينىدە سۆرىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا بولسۇن، كىشىلەرنىڭ گۈپۈل-

دېتىپ كەتمەن چېپىۋېتىپمىز، ئېتىز - ئورمانلارغا سۇ تۇتۇۋېتىپمىز، ئوغاقلىرىنى يالتىرىتىپ ئورما ئورۇۋېتىپمىز، خارۋا ھەيدەپ كېتىۋېتىپمىز... قىلىچە ھارغىنلىق ھېس قىلماي بىر خىلدا ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېيىن-قېيىنمىغا پاتماي قالاتتىم ۋە ھەيران بولۇپ، ئۆز ئۆزەمدىن سورايتتىم: «ئەجەپ ئىش - ھە، ئۇلار نېمىشقا توختىماي ناخشا ئېيتىدىغاندۇ، ھېرىپ كەتمەيدىغاندۇ؟ ياكى ناخشا ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئېغىر، مۇشكۇل ئىشلىرىنى يەڭگىللىتەمدىغاندۇ؟...»

ئۇلار ئېيتىۋاتقان بەزى ناخشىلارنى ئاڭلىغىنىمدا، گويا ئۇسساپ چاڭقاپ كەتكەندە «گۈپپىدە» بىر چىنە سۇغاپ ئىچكەندەك راھەتلىنىپ كېتەتتىم - دە، ئۆزەمنى مۇشۇ كەڭ سەھرا ئاسمىنىدا ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. بەزى ناخشىلارنى ئاڭلىغىنىمدا بولسا، پۈتۈن ئەزايىمغا «غۇژژىدە» تىترەك ئولىشاتتى-دە، ئىختىيارسىز يىغا تۇتاتتى. مەيلى كىم ناخشا ئېيتمىسۇن، ئاللىقانداق ھېس-تۇيغۇلار ئىچىدە ئۆزەمنى ئۇنتۇپ، ئاشۇ كىشىنىڭ يېنىدا ئۇزاقتىن - ئۇزاق تۇرۇپ كېتەتتىم. ناۋادا ناخشا ئېيتقۇچى كېتىپ بارغان بولسا، ئۇنىڭ كەينىدىن خېلى بىر يەرگىچە ئەگىشىپ ماڭاتتىم. پەقەت ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلانماي قالغاندىن كېيىنلا، گويا ئەڭ قىممەتلىك بىر نەرسەمنى يوقىتىپ قويغاندەك ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويۇپ، نائىلاج كەينىمگە يېنىشقا مەجبۇر بولاتتىم... بىزدە ناخشىلار، ناخشىچىلار نېمە دېگەن كۆپ، بىز نېمە دېگەن ناخشىچى خەلق - ھە؟!

مېنىڭ ئانام ئۆزىگە چۇشلۇق ناخشىچى ئىدى. ئۇ قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرىدە چىن چىراقنىڭ ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، چاقنى مۇڭلۇق غىژىلدىتىپ يىپ ئىگىرىۋاتقاندا



بولسۇن، ياكى باھار، كۈز كۈنلىرىدە ئۆگزىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياماق ياماپ ئولتۇرغاندا بولسۇن، پەس ئاۋازدا ناھايىتى مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئېيتاتتى. ھەر بىر ناخشىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن خىيالچان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ كۈلۈمسىرەپ قوياتتى ۋە مېھرىۋانلىق بىلەن بېشىمنى سىلاپ: «ۋاي... خۇدايىم، ئۆزەڭ بار» دەپ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قوياتتى.

مەن ئانامنىڭ ناخشىلىرىغا بەكمۇ ئامراق ئىدىم. ئۇ ناخشا ئېيتىشقا باشلىغان ھامان ئويناۋاتقان ئويۇنچۇقلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىۋالاتتىم - دە، ۋاقىتسىز ئاقارغان شالاڭ چاچلىرىغا، پېشانە ۋە كۆزلىرى ئەتراپىدا پەيدا بولغان ئىجىر - مىجىر قورۇقلارغا، قاڭشالىق بۇرنى، تومپىيىپ چىقىپ قالغان يۈز سۆڭەكلىرىگە، تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتكەن، قوناق شېخىدەك ئاجىز قوللىرىدا ئەپچىل ھەركەتلىنىپ تۇرغان يىڭنىگە قاراپ ئولتۇرۇپ، پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ناخشا تىڭشايتتىم. بەزىدە ئانام «ئاچىل» دېگەن ناخشىنى ئېيتقاندا، نېمە ئۈچۈن-

دۇر چىرايىغا كۈلكە يامىشىپ، كۆزلىرى خۇر-
شاللىقتىن ھەردەملىك چاقناپ كېتەتتى. «ئەجەپ
بولدۇم - ئەجەپ بولدۇم، ئەجەپ بولغانغا يىغ-
لايمەن» دېگەن ناخشىنى ئېيتقاندا، ئاۋازى
بەكمۇ مۇڭلىنىپ چىققاچقا ماڭا راستىنلا يىغلا-
ۋاتقاندەك بىلىنىپ كېتەتتى - دە، چۆچۈپ
ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ قوياتتىم.

ئانامنىڭ بۇ ناخشىلىرىنى تولا ئاڭلىغاچقا
ماڭا ئۇنىڭ ئاھاڭىلا ئەمەس، سۆزلىرىمۇ يادا
بولۇپ كەتكەن ئىدى. لېكىن ئۇ ناخشىلار ماڭا
يەنىلا يېڭى تۇيۇلاتتى. ھەر كۈنى ئېيتسا، ھەر
كۈنى ئاڭلايتتىم. تېخى ئادەم يىراق يەرلەردە
ئانامدىن ئۆگىنىۋالغان بۇ ناخشىلارنى ئۆزۈمچە
غىڭشىپ ئېيتىپمۇ قوياتتىم. ئەمما ئەڭ تەسىرلىك،
يېڭى - يېڭى ناخشىلارنى بولسا، ئۆيىمىزنىڭ
ئالدىدىكى ناۋايخانىدا نىمكا بولۇپ ئىشلەيدىغان
ھامۇت ئىسىملىك يىگىتتىن ئاڭلايتتىم. ئۇ يىگىرمە
نەچچە ياشلاردىكى، ئازغىنە بۇرۇت قويىۋالغان،
كۆزلىرى يوغان، ھەيار يىگىت ئىدى. ئۇ دائىم
تونۇر بېشىدا ئۇن بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەچكە،
يۈز كۆزلىرى بەزىدە قاپقارا قورۇم بولۇپ
كەتسە، بەزىدە خۇددى چېچى تۈگۈل قاش -
كىرپىكلىرىمۇ ئاقىرىپ كەتكەن بوۋايلاردەك ھەممە
يېرى ئاپپاق ئۇن بولۇپ، كۈلكىلىك بىر
ھالغا كېلىپ قالاتتى. پەقەت ھېيت - ئايەم كۈن-
لىرى چىرايلىق بادام دوپپىسىنى كىيىپ، قىزىل
چەكمەن چاپىنىنىڭ ئۈستىدىن يېشىل شايى بەل-
ۋېغىنى باغلىۋالغان چاغلاردىلا ئۇنىڭ ھەقىقە-
تەن قالتىس چىرايلىق يىگىت ئىكەنلىكى مەلۇم
بولاتتى. ئۇ ناخشىسىز ئىش قىلالمايتتى. شۇڭا،
ناخشا ئېيتمايدىغان كۈنىمۇ بولمايتتى. ئۇنىڭ
ھەممىدىن كۆپرەك ئېيتىدىغىنى «سادىر ناخشىسى»
ئىدى. ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلانغان ھامان
يۈگۈرۈپ چىقىپ، دەستە - دەستە نانلار
تىزىۋېتىلگەن پەشخۇننىڭ يېنىدىكى سۇپىسىغا
كېلىپ ئولتۇراتتىم - دە، ناخشىغا قۇلاق
سالاتتىم...

بىر كۈنى ئەمدىلا چېيىمنى ئىچىپ بولۇپ
ئولتۇراتتىم، ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى
ياڭراشقا باشلىدى:

ناخشىنى تولا ئېيتسام،
ئەل مېنى ساراڭ دەيدۇ.
مېھرىۋان ئانام بولسا،
دەردى بار بالام دەيدۇ.
... ... ...

مەن ئۆيدىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ،
كۈندىكى ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇردۇم، بۈگۈن
ناۋايخانىدىكى بومبا ساقال خوجايىن كۆرۈن-
مەيتتى. قاش - كىرپىكلىرىدىن تارتىپ ھەممە
يېرى ئاپپاق ئۇن بولۇپ كەتكەن ھامۇتكام تو-
رۇسقا ئېسىلغان ئىككى ئەگلەكتە ئىككى
قولى بىلەن «پاقۇر - پۇقۇر، پاقۇر-
پۇقۇر» قىلىپ ئۇن تاسقىغاچ ناخشا
ئېيتىۋاتاتتى. ئۇ ماڭا قاراپ ھەيارلىق بىلەن
كۆزىنى قىسىپ قويدى - دە، ناخشىسىنى ئېيت-
ۋەردى. ئىككى قولىنىڭ ئەگلەككە بىر خىلدا
پاقىلداپ ئۇرۇلۇشلىرى خۇددى داپ چېلىۋاتقاندەك
ناخشىغا تەڭكەش بولاتتى. خېلىدىن كېيىن
ئۇ ناخشىنى توختاتتى. تاسقىلىپ بولغان ئۇنلار-
نى يوغان مىس لېگەن بىلەن خېمىر يۇغۇرىدىغان
ئەمبەلنىڭ ئۈستىگە ئېلىۋېتىپ چاقچاق بىلەن
سورىدى:

— ھە، پىندەك. ئادەمگە نېمانداق پاكى يىگەن
مۈشۈكتەك كۆزلىرىڭنى پاقىرىتىپ قارايسەن؟
خېلى ناخشا خۇمارى ئوخشىمامسەن، قانداق،
بايىقى ناخشام ياردىمۇ؟

مەن تارتىنغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ قويدۇم.
ئۇ نېمىنىدۇر ئىزلىگەندەك ئۇياق - بۇياققا قاراپ
قويۇپ ئىتتىك مېنى چاقىردى:

— بېرى كەل، ماۋۇ چېلەكتىكى تۇزدىن ئازراق قويۇپ بەرگىنە!

مەن خۇشاللىق بىلەن يۈگۈرۈپ دۇكانغا كىردىم - دە، قاپاق چۆمۈچ بىلەن چېلەكتىكى تۇزنى ئېلىپ، ئەمبەل ئۈستىدىكى ئۇنغا قويۇشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ مېنى مۇشۇنداق ئىشلارغا بۇيرۇشىنى بەكمۇ خالايتتىم. چۈنكى ئۇ ناخشىچى - دە!

ناخشىچىلار مېنىڭ نەزىرىمدە ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ يۈكسەك ئادەملەر، ئۇلار ئۈچۈن جېنىمنىمۇ ئايىمايتتىم...

— ئۆزەڭ مۇشتەك بولغان بىلەن ناخشىغا خېلى ھەۋەس قىلىدىكەنسەن ئۇكا. بىلىپ قوي جۇمۇ، دۇنيادا ناخشىدەك بەلەن نەرسە يوق! — دېدى ئۇ ئەمبەلدىكى ئۇننى ئۆمەللەپ تۇرۇپ.

ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى. مەن ئۇنىڭ قولى ئۈستىگە تۇزنى ئاز - ئازدىن قويۇپ تۇرۇپ سورىدىم:

— ھامۇتكا، سىز ناھايىتى جىق ناخشا بىلىدىكەنسىز، ھەر كۈنى ناخشا ئېيتىدىكەنسىز، ھېرىپ كەتمەمسىز؟

ئۇ، تۈزنى تۇتۇۋالماي بىر پەس كۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— ناخشا مېنىڭ جېنىم، مېنىڭ ئۆزۈم، مېنىڭ خۇشاللىقىم تۇرسا، ناخشا ئېيتماي نېمە قىلىمەن؟ — ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ جىم بولۇپ قالدى ۋە بىر دەمدىن كېيىن ماڭا قاراپ خۇددى چوڭ ئادەم بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك ناھايىتى ئەستايىدىل سۆزلەپ كەتتى، — ناخشا دېگەن يۈرەكنىڭ ئەڭ نازۇك يېرىدىن چىقىدۇ، ناخشا ئادەمگە روھ، كۈچ - قۇۋۋەت، ئۈمەت ئاتا قىلىدۇ. ناخشىسىز ئۆتكەن ھايات ھايات ئەمەس، ناخشا بولمىسا ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدا لەززەتمۇ بولمايدۇ دېگىنە! ھەي... ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، لېكىن بىزدەك ناخشىچى خەلق دۇنيادا ئاز تېپىلىدۇ — جۇمۇ! شۇنداقتىمۇ بەش قول ئوخشاش بولمايدۇ. بىزنىڭ ئىچىمىزدىمۇ ناخشىغا ئۆچ ئادەملەر بار. بۇنداقلارنى ھەرگىزمۇ ئادەم دېگىلى بولمايدۇ. «دەردى يوق كېسەك، ئىشقى يوق ئېشەك» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ناخشا دېگەننى ئىشقى بار ئادەم ئېيتىدۇ ئۇكا. توغرا، ھەممىلا ئادەمنى ناخشا ئېيت دېگىلى بولمايدۇ، بىراق ناخشا ئېيتالمىغاندىمۇ، ناخشىنى، ناخشىچىلارنى قەدىرلەش كېرەكتە!...

ئۇنىڭ مۇسكۇللۇق بىلەكلىرى شۇنچە چىڭ خېمىرنىڭ ئىچىدە يېنىك ھەركەت قىلاتتى ۋە كۈچلۈك بىلەكلىرى خېمىرغا ھەر بىر پاتقاندا «چىلىپ - چىلىپ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇنچە يوغان ئەمبەل ھېلى سوزۇلۇپ كېتىدىغاندەك توختىماي غىچىرلايتتى. ئاردىلاپ سەكسەن، توقسان جىڭ كەلگىدەك ئېغىر خېمىرنى «دىپپىردىم!» دەپ خۇددى پاختىنى كۆتەرگەندەك دەس كۆتىرىپ دۇم قىلاتتى. پاھ، نېمە دېگەن كۈچلۈك يىگىت - ھە! مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالغاچ، تاۋۇزلۇق بەستىدىن كۆزۈمنى ئۈزمەي ھەيران بولۇپ ئولتۇراتتىم. ئۇ خېلىدىن كېيىن گېپىنى توختىتىپ ئۇھ تارتىپ قويدى - دە، ماڭا قاراپ:

— مېنى خېلى گەپكە سېلىۋالدىڭ - ھە، ناخشا ئېيتامدۇق؟ — دېدى. مەن خۇشاللىق بىلەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— قايسى ناخشىنى ئېيتاي؟

— ھېلىقى سادىر دېگەن ناخشىنى، — دېدىم مەن تارتىنىپراق.

— پەيزىڭ بار، ناخشىنىڭ سەرخىلىنى بىلىدىكەنسەن — جۇمۇ! بوپتۇ — ئېيتىپ بېرەي.

سادىر دەپ ئېيتىم يامان،
ئۇرن بەش ياشتا ئاتالغان.
دەسلەپكى تۇتۇلغاندا،
قۇمۇلجانغا پالانغان.
...........

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئىككىمىز يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق، ئوتتۇرىمىزدا قورۇنۇشمۇ يوقالدى. ئۇ ماڭا ھەر كۈنى يېڭى - يېڭى ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ ھارمايتتىم. ئەجەب ئىش - ھە؟ بىزدە ناخشىلار شۇنچە كۆپ ئىكەن، ناخشا ئېيتىدىغانلارمۇ كۆپ ئىكەن. ھەر كۈنى يېڭى ناخشىلار پەيدا بولۇپ تۇرىدىكەن. بۇ ناخشىلار نەدىن چىقىدىغاندۇ، ئۇنى زادى كىم ئىجات قىلىدىغاندۇ؟...

خېلىدىن بۇيان كاللامغا كىرىۋالغان بۇ ئوي ماڭا زادى ئارام بەرمەيتتى. ئاخىرى بىر كۈنى ياماق ياماپ ئولتۇرغان ئانامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەركىلەپ تۇرۇپ:

— ئانا، سەن بەك ئوبدان ناخشىلارنى بىلىدىكەنسەن، ناۋايخانىدىكى ھامۇتكاممۇ شۇنداق جىق ناخشىلارنى بىلىدىكەن. بۇ ناخشىلارنى كىم ئىجات قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ۋاي ئەقىللىق قوزام. ناخشىغا نېمانچە ئامراق بالا بولغانسەن؟ — دېدى ئانام كۈلۈپ كېتىپ — ئويلىمايدىغان نەرسەڭ يوقكەن سېنىڭ، ناخشا دېگەننىچۇ قوزام، ھەرگىز بىرەر ئادەم ئىجات قىلمايدۇ. خىزىر ئىجات قىلىدۇ، خىزىر ئەڭ ئۇستا ناخشىچى، بالام.

— خىزىر دېگەن كىم ئۇ ئانا؟ — مەن تېخىمۇ ھەيران بولۇپ سورىدىم.

— خىزىر دېگەنچۇ، ئاللانىڭ دەرگاھىدىن كەلگەن ئۇلۇغ زات. ئۇ بىزدەك يوقسۇللارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، يېڭى - يېڭى ناخشىلارنى ئىجات قىلىپ بېرىدۇ. چۈشەندىڭمۇ بالام؟

مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمەي كۆزلىرىمنى چىمچىقلىتىپ ئولتۇرۇپلا قالدىم. شۇندىن كېيىن ئانام ماڭا تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ، ناخشىچى خىزىر ھەققىدە مۇنداق بىر ۋەقەنى ھېكايە قىلىپ بەردى: خىزىر ئەلەيھىسسالام ئادەملەر ئارىسىدا يۈرۈيدىكەن، لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭ خىزىر ئىكەنلىگىنى بىلمەيدىكەن، چۈنكى خىزىر بەزىدە دىخان، ھۈنەرۋەن كاسىپ؛ بەزىدە ئاپپاق ساقاللىق بوۋاي، بەزىدە ياش يىگىت، دېۋانە، دەرۋىش سىياقىدا كۆرۈنىدىكەن. ئۇ يامان ئىش قىلغان ئادەملەرنى قاغىۋېتىدىكەن. خىزىرنىڭ نەزىرى چۈشكەن ئادەملەرنىڭ بەخت - تەلىيى كېلىپ، ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولىدىكەن. خىزىر ھەر كۈنى كېچىدە، بولۇپمۇ تاڭ سەھەردە ھارۋىكەش، ئوتۇنچى ياكى ئەپكەش، پادىچى سىياقىدا كوچىلاردىن ناخشا ئېيتىپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن. خىزىر ئېيتقان بۇ ناخشىلار سەھەر تۇرغان، ناخشىغا ھەۋەس قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ دىلىغا ئورناپ قالىدىكەن - دە، ئاندىن بۇ كىشىلەر خىزىردىن ئۆگىنىۋالغان بۇ ناخشىلارنى ئېيتىشقا باشلايدىكەن. ناخشا مۇشۇنداق پەيدا بولىدىكەن، مۇشۇنداق يوللار بىلەن خەلق ئارىسىغا تارقىلىدىكەن...

— سەن خىزىرنى كۆرۈپ باققانمۇ ئانا؟

— ياق بالام، خىزىرغا يولۇقۇش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس.

— خىزىرنىڭ بىرەر بەلگىسى يوقمۇ ئانا؟ — يەنە سورىدىم قىزىقىپ.

— جېنىم قوزام، — دېدى ئانام كۈلۈپ، — بەلگىسى يوق. بەلگىسى بولىدىغان بولسا، ھەممە ئادەم تونۇۋالمامدۇ؟ كىم بىلىدۇ، بۈگۈنگىچە ساڭىمۇ، ماڭىمۇ نەچچە قېتىم ئۇچرىغاندۇ، لېكىن تونۇمىدۇق - تە! شۇڭا ئېسىڭدە بولسۇن بالام، قېرىلارنى، ئاجىز - ئورۇق دېۋانىلارنى كۆرسەڭ ھەرگىز قوپاللىق قىلما، ئۇلارنى ھۆرمەت قىل. خىزىر تولاراق ئەنە شۇنداق سۈپەتتە كۆرۈنەرمىش، — ئانام يەنە نېمىلەرنىدۇ ئويلىنىۋېلىپ قوشۇپ قويدى، — بىر چاغلاردا بوۋاڭنىڭ ئېيتقان بىر گېپى ئېسىمدە: خىزىرنىڭ باشمالتاق قولىنىڭ ئۇستىخىنى يوقمىش. شۇنداقمۇ، ئەمەسمۇ؟ كۆرمىگەندىن كېيىن بىر نېمە دېيىش تەس دېگىنە بالام!

«ھە... ئەمدى بىلدىم، بىز ئاڭلاپ يۈرگەن ناخشىلارنىڭ ھەممىسىنى خىزىر ئىجات قىلغان ئىكەن - دە! راست دېگەندەك ھامۇتكام نان ياقىمەن، تونۇرغا ئوت سالىمەن دەپ، يېرىم كېچىدىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ، خىزىرنىڭ ناخشىسىنى ئۇ شۇڭا كۆپ ئۆگىنىۋالغان ئىكەن - دە!».

شۇ كۈندىن باشلاپ مەن، كوچىدا ئاپپاق ساقاللىق بوۋايلارنى ياكى دەرۋىشلەرنى كۆرۈپ قالسام «خىزىرەسدۇ» دەپ، ئىنتىلىپ قاراپ كېتەتتىم، بىرەر يېڭى ناخشا ئاڭلاپ قالسام «خىزىر بىزگە يەنە بىر يېڭى ناخشا ئىجات قىلىپ بېرىپتۇ - دە» دەپ خۇشال بولۇپ كېتەتتىم. بولۇپمۇ خىزىر ماڭىمۇ ئۇچراپ قالغان بولسا، ھېچنېمە تەلەپ قىلماي ناخشا ئۆگىتىپ قويۇشىنى تەلەپ قىلاتتىم دەپ ئارمان قىلاتتىم. ئەپسۇسكى ماڭا خىزىر بىرەر قېتىممۇ ئۇچراپ باقمىدى...

بىر كۈنى خىزىر ھەققىدە ئانام ئېيتىپ بەرگەن بۇ ھېكايىنى ھاممىكامغا سۆزلەپ بېرىۋېدىم، باشتا تازا بېرىلىپ ئاڭلىدى، كېيىن ئۇزاق كۈلۈپ كەتتى. نىمىلەرنىدۇ خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۇھ تارتىپ قويغاندىن كېيىن:

— ئاناڭنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرى بىر رىۋايەت ئۇكام. مەنمۇ مۇشۇ كۈنگىچە تېخى خىزىرنى كۆرۈپ باقمىدىم. لېكىن شۇنى ئېسىڭدىن چىقارمىغىنكى، بىزدە ناخشىچى خىزىرلار ھەقىقەتەن كۆپ. سەن تېخى ھازىر كىچىك، خۇدا ئۆمرۈڭنى بەرسە، چوڭ بولغاندا ئاجايىپ ناخشىچى خىزىرلارنى كۆرىسەن. بۇ گېپىمگە ئىشەنگىن، چوقۇم كۆرىسەن! — دېدى.

مەن بۇ گەپتىن بەكمۇ روھلىنىپ كەتتىم.

1945 - يىلىنىڭ كۈز كۈنلىرى ئىدى. ئۈشتۈمتۇت قورقۇنچلۇق بىر ۋەقە يۈز بەردى. «ئىلىدىن ئوغرىلار كەپتۇمىش، ئۇرۇش بولغىدەك» دېگەنگە ئوخشاش ئاللىقانداق چۈشىنىكسىز مىش - مىش پاراڭلار پۈتۈن شەھەرنى قاپلىدى. بىر كۈنى ھاممىكام ناۋايخانىدا بىر نەچچە يىگىت بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭ: ئىلىدىن كەلگەنلەر ئوغرىلار ئەمەس، توغرىلار، زۇلۇمغا قارشى قوزغالغان باتۇرلار... دەۋاتقانلىغىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ مىش - مىش پاراڭلار راستقا ئايلىنىشقا باشلىدى. گومىنداڭ چېرىكلىرى كېچە - كۈندۈز كوچىلارنى چارلاپ يۈرۈشىدۇ. پايپېتەك بولۇشۇپ نىمىلەرنىدۇ بىر ياقلارغا توشۇيدۇ. شەھەر دەرۋازىلىرى يېنىغا قۇم توشقۇزۇلغان تاغارلار توشۇپ كېلىنىدى. سېپىل ئۈستىگە ۋە مۇھىم يوللارنىڭ دوقمۇشلىرىدا ھەربىي پوتەيلەر ياسالدى. مەھەللە - مەھەللىلەردە ئەسكەر ئېلىش، ھاشارغا ئادەم تۇتۇشلار باشلىنىپ كەتتى. شەل - يەل كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان زىيالىلار، ئوقۇتقۇچىلار، جەمئىيەتتىكى نامى بار ياشلار «قىزىل پاچاق»، «ئىلى تەرەپ بىلەن مۇناسىۋىتى بار» دېيىلىپ تۇتقۇن قىلىنىشقا باشلىدى. كىشىلەرنىڭ رەڭگى - روھىنى دەرت - ئەلەم، غەم - ئەندىشە بۇلۇتلىرى قاپلىدى. مۇشۇنداق ئەنسىزچىلىك بولۇۋاتقان بىر كېچىسى بىزنىڭ مەھەللىدىمۇ بىر پاتىپاراقچىلىق، قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى. ئەتىسى ھەممە ئادەم ۋەھىمە ئىچىدە پىچىرلىشاتتى. مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ئانامدىن:

— نېمە ئىش بوپتۇ ئانا؟ — دەپ سورىدىم. رەڭگى - روھى ئۆچكەن ئانام كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ:

— گومىنداڭچىلار مەھەللىدىكى بىر نەچچە يىگىتنى تۇتۇپ كېتىپتۇ. ھاممىكاڭنىمۇ تۇتۇپتۇ، — دېدى. مەن چۆچۈپ كېتىپ:

— نېمىشقا تۇتۇپ كېتىدۇ ئانا، ناخشا ئېيتىمىز دەپمۇ؟ — دېدىم.

ئانام نىمىلەرنىدۇ دېگەن بولسىمۇ، مەن زادىلا چۈشەنمىدىم. راستىلا شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن ھاممىكامنىڭ يېقىملىق، جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلانمىدى. مەن ئۇنى سېغىناتتىم. ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلاتتىم، لېكىن زادىلا ئاڭلىيالمىدىم. پەقەت ئۇنىڭ ئىلگىرى ئېيتقان ناخشىلىرى ۋە ئاخىرقى قېتىم ماڭا: «ئېسىڭدە بولسۇنكى، بىزدە ناخشىچى خىزىرلار ھەقىقەتەن كۆپ، سەن تېخى ھازىر كىچىك، خۇدا ئۆمرۈڭنى بەرسە، چوڭ بولغاندا ئاجايىپ ناخشىچىلارنى كۆرىسەن، چوقۇم كۆرىسەن» دېگەن سۆزلىرى قۇلىقىمدا جاراڭلاپ تۇراتتى...

يىللار ئۆتتى. مەنمۇ چوڭ بولۇپ ئەقلىمنى تاپتىم. شۇ چاغدىلا رەھمەتلىك ئانامنىڭ ناخشىچى خىزىر ھەققىدە ئېيتقانلىرىنىڭ ھاممىكام دېگەندەك راستىلا بىر رىۋايەت، بالىلارچە ساددا



تاراش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. خىزىر-نى كۆرۈش ھەققىدىكى ئۈمىتلىرىم ئاستا - ئاستا يوقالدى. ئەمما ئازاتلىقتىن كېيىن خەلق ئىچىدىن چىققان ئاجايىپ ناخشىچى«خىزىر»لارنى كۆردۈم! ئەنە قاراڭلار، ئۇلار ھەر كۈنى، ھەر سائەت ئۆز بەختىنى، ۋەتەنگە بولغان تۈگىمەس-پۈتمەس مېھرى - مۇھەببىتىنى، شاتلىقىنى ئىزھار قىلىپ ئاجايىپ ئېسىل ناخشىلارنى ئېيتىۋاتامدۇ؟ ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغىڭىز كېلىدىغان بۇ ناخشىلار بۈگۈنكى كۈندە تيانشان باغرىدىكى كىچىك شەھەرلەر، خىلۋەت يېزىلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، پايتەختىمىز بېيجىڭدا، پارىژ، نيۇ - يورك، موسكۋا، ئەرەپ سەھرالىرىدا — دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ياڭرىماقتا...

ئاھ، رەھمەتلىك ئانا! بۈگۈنكى مۇشۇ كۈنلەرنى كۆرۈش ساڭا نېسىپ بولمىدى. ئەگەر ھايات بولغان بولساڭ، بۈگۈنكى ناخشىلارنى ئاڭلىغان بولساڭ، زامانىمىزدىكى ئاجايىپ ناخشىچىلارنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەن بولساڭ نەقەدەر شاتلىققا چۆمۈپ كەتكەن بولاتتىڭ - ھە؟! ئېخ، ناخشىچى خىزىر ھەققىدە ماڭا سۆزلەپ بەرگەن ھېلىقى سۆزلىرىڭنى ئەسلەپ: «بالام، بىز نېمە دېگەن ساددا» دەپ ئۆزەڭنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كېتەتتىڭمىكىن - ھە؟!

ھامۇقكا، سەنچۇ؟ قانخور چىلبۆرىلەرنىڭ چاڭگىلىدا ئارمان بىلەن ئۆلۈپ كەتتىڭمۇ، ياكى بارمۇسەن؟ ياق، سەن چوقۇم ھايات ياشاۋاتىسەن! ھازىر بەلكىم قېرىپ مۈكچىيىپ قالغانسەن. لېكىن مۇرات - مەقسىدىڭگە يەتتىڭ! شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، سەن بۈگۈنكى ناخشىلىرىمىزنى ئاڭلاپ چەكسىز خوش بولىۋاتىسەن، ئەنە كۈمۈشتەك ئاپپاق ساقاللىرىڭنى سىيپاپ تۇرۇپ: «دەۋرىمىزگە ئاپىرىن!» دەپ كۈلىۋاتىسەن ...

* * *

گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى مېنى چۆچۈت-ۋەتتى. قاتتىق ئۇيقىدىن ئويغانغاندەك بېشىمنى ئېتتىمك كۆتەردىم. تېلېۋىزور ئېكرانىدا پاشا ئىشان «ئازات زامان» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بولۇپ، تاماشىبىنلارغا تازىم قىلىۋاتاتتى. لېكىن چاۋاك توختىمىدى. ئاخىرى ئۇ، مەن بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغان «ۋەتەنگە مەدھىيە»نى باشلىۋەتتى:

كۆكۈل ياپرايدۇ شاتلىقتىن،
ئەجەپ ئوبدان زامان بولدى.
ۋەتەن باغرى سائادەتلىك،
تۇياشلىق ھۆر ماكان بولدى ...

توغرا، دەۋرىمىز گۈزەل، بەختىمىز پارلاق. بەختى كۈلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسىنى پۈتۈن جاھان ئاڭلىسۇن، — ياڭرىتىڭلار ناخشىنى، ئەي ناخشىچىلار!..




مەھەممەت شاۋۇدۇن

(داستان)

## چاقچاق ۋە بىز

بىز خۇش تەبىئەتلىك خۇش چاقچاقچى خەلق،
(بۇ بەلكىم ئۆزۈم بىزگە ئەلمىساقتىن.)
ياشايمىز چاقچاق بىلەن قوشكېزەك بىز،
تۇغۇلۇپ چاقچاق بىلەن بىر قوساقتىن.

1

ئانىلار قىزىل قۇرۇت بوۋاقلارنى،
زاكىلار چاقچاق بىلەن ئەركىلىتىپ.
ئالغاندا ئاتا ئۇنى دەسلەپ يەردىن،
ئالىدۇ چاقچاق بىلەن تەبرىك ئېتىپ.

بوۋاققا ئەركىلەتمە ئىسىم بولۇپ،
سىڭىدۇ مىراس لەقەم ئاتتىن بۇرۇن.
خۇشچاقچاق دۇنياسىغا ئاچىدۇ كۆز،
تۆرەلمە بولۇپ مۇشۇ كىچىك بۇرغۇن.

تەكلىپ قىپ خۇش چاقچاق چوڭ ئانىلارنى،
ئارزۇلاپ ئالدۇرىدۇ ئۇنى ئېغىز.
خۇش چاقچاق، زىرەك بولغىن دەپ تىلەيدۇ،
قۇيغاندا قىردىق سۈيى كۆپ ئوغۇل - قىز.

كىرىدۇ بېشى ئۇزۇنغا يەتمەي تۇرۇپ،
چاقچاقنىڭ كىچىككىنە ئېقىنىغا.

يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكىنىدە،
يېتىشەر چاقچاقنىمۇ قىران بولۇپ.
چاقچاقنىڭ ئىشكارىدا ئالار شۇگۇنۇپ،
كۆزىگە كۆرۈنگىنى نىشان بولۇپ.

بەزىدە يولۇاستىمۇ چاڭ سالىدۇ،
قامالاپ چوڭ يېپىشىپ ساغرىسىغا.
ياگرايدۇ كۆلكە كۆككە،
چوكا ئۇرسا
چاقچاقنىڭ چوڭ كېرىلگەن ناغرىسىغا.

2

بوۋايلار ئۇچراشقاندا سالاملىشىپ،
باشلايدۇ گەپلىرىنى چاقچاق بىلەن.
ئېچىلىپ يۇغان كۈمەك ئېغىزلىرى،
كۈلىشەر راھەتلىنىپ شۇنچە خۇرسەن.

بىلىنمەي يەر تېگىدە ئاققان سۇدەك،
چاقچىقى بارار قىزىپ شۇنچە يېپىق.
تەكتىدە، مىڭ، تۈمەن گەز چوڭقۇرلۇقتا،

گاھ ئۆزىنىڭ تەمى خۇددى ئەينىلىدەك
چۈچمەل،
گاھى شېرىن بال قايماقتەك.
كۆڭگۈللەر ھۇزۇرلىنىپ يايراپ كېتەر،
ھەر چاقچاق چېقىلغاندا ئوت چاقناتقەك.

ئالايىتەن چاقچاقلىشىپ كېتەر بەزەن،
تېپىشىپ بىر ئورۇنداگايىلەرى.
كۆرۈنەر ئەل ئىچىدە نەگە بارسا،
نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ سايىلىرى...

3

چاقچاقسىز ھايات بىزگە خۇددى سوغاق،
ئۇنىڭسىز ئۆتمەس بىزنىڭ بىر كۈنىمىز.
ئۇنىڭسىز بىمەززىدۇر توي - تۆكۈنلەر،
ئۇنىڭسىز قىزىمايدۇ سورۇنىمىز.

ئۇ بىلەن بىلىنمەيدۇ يول ئازابى،
ماڭساقمۇ چاپان سېلىپ ئۈستىمىزگە.
ئۇ بىلەن تۆگەپ كېتەر ئازارلىقلار،
داغ سېلىپ ئۆتسىمۇ گەر كۆكسىمىزگە.

ئۇ بىلەن بىلىنمەيدۇ نى - نى جاپا،
چىقىدۇ چارچىغاندا ھاردۇقىمىز.
بىر چاقچاق ئاڭلاپ گويا پەسىيىدۇ،
ئىڭراپ ياتقاندىمۇ ئاغرىقىمىز.

ئۇ بىلەن ياتسىراش يوق نەگە بارساق،
كېتىمىز سىڭىپ ئەلنىڭ ئىچىگە بىز.
چاقچاقسىز ئۆزىمىزنى كىشىلەردىن
سېزىمىز شۇنچە يىراق، يېگانە بىز...

چاقچاقتىن ئايرىلالماس خەق بىز شۇنداق،
لاپ كەتمەس دېسە بىزنى چاقچاقپەرەس.
چاقچاقنىڭ خۇمارى چىڭ،
تۇتقاندا ئۇ،
باسالماس ئۇنى باشقا ئىشقى - ھەۋەس.

شۇڭلاشقا چاقچاقچىلىق، چاقچاقچىنى
كۆرىمىز تولىمۇ چوڭ بىز ئەزەلدىن.
چاقچاقچى كەپتۇ دېسە تاغ كەينىگە،
بارىمىز ئېشىپ شۇئان نەچچە بەلدىن.

## ھىسسام بارمۇ؟

ئېلىمنىڭ داستىنى كەڭ، مېھمىنى كۆپ،
مېھمانلار ئۈزۈلمەيدۇ سارىيىدىن.
بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ ئەتە - ئاخشىمى،
كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ ھېيت - ئايەمدىن.

تىنجىماس ئايۋان سارايى،
كۈتكۈچىلەر
پايپېتەك مېھمانلارغا خىزمەت قىلىپ.
مېھمانلار كۈتۈلىدۇ شۇنچە قىزغىن،
قەيەردىن كەلسە ئوخشاش ئىززەتلىنىپ.

ۋە لېكىن ھەر ئاخشىمى ياتاق قۇرۇق،
مېھمانلار كېتىمدىكىن قايياقلارغا؟
كۆرۈشۈپ قايتىشىدۇ شۇنچە خوشال،
تۈن يېرىم بولغان چاغدا ياتاقلارغا.

بۈگۈنمۇ يېڭى مېھمان كەلدى مانا،
سارايغا كوئېنلۇننىڭ ئېتىكىدىن.
سورىدى كۈتكۈچىدىن ئالدى بىلەن،
كىرىپلا ئۇلار ياتاق ئىشىكىدىن.

ئېيتىڭچۇ ھىسسام بارمۇ؟
بىر كۆرۈشسەك...
(ھەر دائىم قويۇلىدۇ مۇشۇ سوئال.)
نى مۇھىم ئىش بولسىمۇ قويۇپ تۇرۇپ،
كەلگەنلەر ئىزلىشىدۇ ئۇنى ئاۋال.

ئالايىتەن بىللە بولار ھىسسام بىلەن،
كەلگەندەك چاقچىقىنى خۇمار قىلىپ.
تارقىتار چاقچىقىنى يۇرتمۇ - يۇرتقا،
ئەپكېتىپ گويا كى ئىلتىزمار قىپ.

# ھىسام كەلدى

يەقىرىتىپ دوپپىسىنى بىر توپ بالا،
چۈگۈلداپ يۈگۈرۈشىدۇ كوچا بويلاپ.
يىگىتلەر توپ - توپ بولۇپ پاراڭلىشار،
كەيپىدە بىر خۇشاللىق تېشىپ قايناپ.

چوكانلار باش چىقىرىپ ئىشىكلەردىن،
يوللارغا قارىشىدۇ قىيا بېقىپ.
چىقىدۇ ھويلىلاردىن كۈلكە ئۈنى،
ئۇچقاندەك بىر توپ كەپتەر قانات قېقىپ.

ئولتۇرۇپ بولجا تېرەك سايىسىدا،
كۈلىشەر نەچچە بوۋاي پىخىلدىشىپ.
كۆزلىرى يول تەرەپتە، دېيىشىدۇ:
— قالغاندۇ كېلەر ۋاقتى يېقىنلىشىپ...

باراڭلىق بىر ھويلىنىڭ ئىشىگىدە،
توختىدى بىر ماشىنا ئۇچقاندەك كېلىپ.
— ھە مانا كەلدى ھىسام،
— بەللى يىگىت،
ھىسامنى كەپتۇ ئاخىر بىللە ئېلىپ.

كەملەردۇ دېدى شۇنداق،
چۈشتى ھىسام،
دۇررىدە ئورۇۋالدى بىر توپ كىشى.
باللار چۇقۇراشتى چۇقان سېلىپ،
كۈلكىگە تولدى تالا - ھويلا ئىچى.

تۇي چېيى قىلماق بولۇپ ئەشۇ كۈنى
بېيىشان بىر ياش چىللاپ يۇرت - مەللىنى،
چاقىردى مەسلىھەتكە بىللە ئويناپ
چوڭ بولغان تەڭتۇشىدىن بىرنەچچىنى.

دېيىشتى ئۇلار ئاخىر بىر شەرت قويۇپ:
— بىزگە تۇي سويىساڭمۇ سويىمايلا تۇي.

ۋە لېكىن چاقىرىساڭ ھىسامنى سەن،
بىر تېيىن قىپ بەرگىنىڭ بىزگە چوڭ تۇي.

— ئويلىغان بۇنى مەنمۇ، — دېدى ياش باي،
قۇۋۋەتلەپ دوستلىرىنىڭ تەكلىۋىنى.
ھىسامنى ئېپ كېلىشكە كېپىل بولۇپ،
بىر يىگىت يولغا چىقتى ئەتىگىنى.

بۇ يىراق چەت يېزىدىن بىر كۈن مېڭىپ،
ھىسامنى ئىزدەپ كەلدى شەھەرگە ئۇ.
كۆرۈندى ھەممە كىشى ھىسام بولۇپ،
ھىسامنى ئىزدەپ بارسا قەيەرگە ئۇ.

ئاخىرى تاپتى ئۇنى بىر سۈرۈندىن،
ئەۋجىگە كۆتىرىلگەن كۈلكە - چاقچاق.
تېلىقىپ كۈلىشىدۇ سۈرۈن ئەھلى،
تۇتۇشۇپ بېقىنىنى ئۇزاق - ئۇزاق.

قارايدۇ يىگىت پات - پات سائىتىگە،
تۈرى يوق تۈگەيدىغان چاقچاقلارنىڭ.
كۆزلىرى ئېچىلاتتى ھەر تەرەپتىن،
بۇلدۇقلاپ يېڭى - يېڭى بۇلاقلارنىڭ.

قانداقمۇ ئاچالىسۇن يىگىت ئېغىز،
بىلدۈرۈپ مەقسىتىنى ساھىپخانغا.
چاچقۇسى كېلەمدۇ سۇ
يالقۇنلىنىپ
گۈرۈلدەپ يېنىۋاتقان بۇ گۈلخانغا.

يىگىتمۇ ئۆزگىلىرى قىيام بولۇپ،
چاقچاقنىڭ لەززىتىدە ئېرىپ كەتتى.
ئۆزگە ھاي بېرىپمۇ توختىتالماي،
قايىنامغا ئىختىيارسىز كىرىپ كەتتى.

تۈگمەي مەشرەپ بىردەم كېچە بىلەن،
كۈلكىلەر دەرۋازىدا قالدى داۋام.
نەچچىلەن ئېيتتى چىلاش ئۈزۈلتمەي،
ئالاشماق ئارىسىدا قالدى ھېسام.

ئۇ يىگىت قالدى ھەيران، (چاغلىمىغان
بۇنچىلىك زور چاقچاقچىنىڭ ھۆرمىتىنى.)
ھېسامنى ئېيىپ كېتىشكە قىلدى ماقۇل،
كۆرسىتىپ ئۇلارغا سۆز سەنئىتىنى.

* * *

قوش ئەينەك دەرىزىلىك كاتتا ساراي،
چاقنايدۇ تامدا گىلەم، يەردە گىلەم.
راسلانغان تال باراڭلىق كەڭرى ھويلا،
سىلىنىپ كىگىز - گىلەم شۇنچە كۆركەم.

كېلىشتى ئاڭلىغانلار ھەر تەرەپتىن،
يۈز كىشىلىك مېھمان يەتتى نەچچە يۈزگە.
تار كېلىپ يوغان ھويلا، يۈتكەپ چىقتى،
سورۇننى ئاخىرى بىر كەڭرى تۈزگە.

ئۇلىنىپ بىر - بىرىگە ئۈززۈلمەستىن،
ھېسامنىڭ چاقچاقلىرى چىقار قايناپ.
پاراقلاپ كۆتىرىلگەن كۈلكىلەردىن،
يېزىنىڭ كەڭ ئاسمىنى كەتتى يايراپ.

ئۆزىنى تۇتالماستىن، ئېغىر بېسىق—
چاللارمۇ يۇمىلۇنۇپ كەتتى كۈلۈپ.
بەزىلەر شاپىلاقلاپ تېقىمىنى،
كەينىگە كېتەي دېدى گاھ ئۆررۈلۈپ.

تېلىقىپ كۈلۈۋېرىپ قىز چوكانلار،
ئاغزىنى ئېتىۋالدى ياغلىقىدا.
بورۇلغان ئاۋازلىرى،
بەزىسىنىڭ،
لەۋلار ئۈنچە ياش كۆز چانىغىدا.......

خورازلار چىلاپ بەلگە بەزدى بايا،
يۇمۇلدى خۇمار كۆزى يۇلتۇزلارنىڭ.
كېچىچە ئېقىپ ئۆتتى نەچچە تاش سۇ،
تەشناسى قاندى تالاي ئېتىزلارنىڭ.

كېچىچە تاغار-تاغار ئۆگۈت تۈگەپ،
بېسىقتى تۈگمەنلەرنىڭ گۈلدۈرىشى.
جىمىدى ئالىقاچان چېكەتكىلەر،
ئاڭلانماس پاقىلارنىڭ كۈكىرىشى.

پەقەتلا ئاڭلىنىدۇ يىراقلاردىن،
ھەيۋەتلىك قاش سۈيىنىڭ شاقىرىشى.
ئاۋازىنىڭ ئېتىكىگە يېقىنلاشتى،
توي تارقىپ يېڭى كۈننىڭ باشلىنىشى.

توختىماي داۋام قىلار چاقچاق يەنە،
ئاھ، چاقچاق تۈگەر ئەمەس،
تۈگەر ئەمەس.
سورۇندا چوڭ-كىچىك تەڭ ئولتۇرار
ئۇلار بۇ چاقچاقتا ھېچ قانار ئەمەس.

ئېيتالال ئەشۇكۇنى تولا كۈلۈپ،
ئۆزلىدى نەچچىسىنىڭ ئۈچەيلىرى.
يۆگۈلۈپ پۈتتى قىزىق چاقچاق بىلەن
نەچچىلەپ ئۇن ئالغۇنىڭ كىرىپ دەپلىرى① ...

ئۆيمۇ-ئۆي چىلاپ قىزىق مەشرەپ قىلىپ،
ھەپتىدە قويۇپ بەردى ئۇنى ئاران.
خوشلۇشۇپ كەتتى ھېسام،
بۇ يېزىنى
قاپلىدى كۈلكە-چاقچاق، قىزىق پاراڭ.

---

① دەي ئۈنئالغۇ لېنتىسى

# چاقچاقچىنىڭ سۆزى

—چاقچاققا ئامراق خەلق بىزنىمانچىلا؟
چاقچاقچى كۈلۈپ قويدى بۇ سوئالغا،
—قىرىق يىل چاقچاق بىلەن كۈلۈپ ئۆتكەچ،
كىرمىدى تېخىچە ئاق بۇ ساقالغا.

دىدى ئۇ سىلاپ تۇرۇپ ساقىلىنى،
مەنىلىك قىسىپ قويۇپ كۆزلىرىنى.
ئېھتىمال قىلدى چاقچاق ئېغىزىدا،
سەل جىمىپ داۋام قىلدى سۆزلىرىنى:

—سانىساق بېشىمىزدىن ئۆتكەننى بىز،
تولا ئۇ ساقالدىنمۇ تىگەكتىمكى.
خوش قىلىپ كۆڭلىمىزنى چاقچاق بىلەن،
دەرتلەرنى يەڭگىللەتتۇق يۈرەكتىمكى.

بىر مەھەل چاقچاقىمىز قويۇلۇپ پەس①
مىڭ خىل تۈك ئۈندۈرۈلدى تۇرخۇمىدىن.
بەزىدە بېشىمىزغا بولدى بالا،
سەل غەيرى مەنا چىقسا ئۆزقۇمىدىن.

شۇندىمۇ تاشلىمىدۇق چاقچاقنى بىز،
ئەپ تاپساق قىلدۇق يەنە يىچىرلىشىپ.
پاراقلاپ كۈلەلمىسەك ئازادە بىز،
كۈلۈشتۇق باش لىڭشىتىپ، پىخىلدىشىپ.

سۈت بىلەن كىرگەن بۇ خۇي قېنىمىزغا،
ئېھتىمال چىقسا كېرەك جان بىلەن تەڭ.
يوق ئەمەس كەتكەنلەرمۇ ئارىمىزدىن
جان ئۈزۈش ئالدىدىمۇ چاقچاق بىلەن.

..........................................

ھەر چاقچاق جان ئۇلايدۇ جېنىمىزغا،
يېڭى قان بولۇپ سىڭىپ قېنىمىزغا.
چاقچاق بار يەردە كۈلكە، خوشاللىق يار،
خاپىلىق كېلەلمەيدۇ يېنىمىزغا.

ئۇ ھامان ئاۋۇتىدۇ دىللاردىكى،
كۆڭۈللۈك ياخشى كۈنلەر شاتلىقىنى.
تېخىمۇ ھەس قىلدۇرار تەم قېتىپ ئۇ،
بەختلىك ھۆر ھاياتنىڭ تاتلىقىنى.

شۇڭلاشقا يېپىشىمىز چاقچاققا بىز،
چاقچاقنىڭ شۇنچە كۆپتۇر خاسىيىتى.
چاقچاقنىڭ كۆپ بولۇشى ياخشى مىجەز،
ھەم شۇنچە زىرەكلىكنىڭ كارامىتى.

* * *

بىز خۇش تەبىئەتلىك خۇش چاقچاق خەلق،
(بۇ، بەلكىم ئۈدۈم بىزگە ئەلمىساقتىن.)
ياشايمىز چاقچاق بىلەن قوشكىزەك بىز،
تۇغۇلۇپ چاقچاق بىلەن بىر قورساقتىن.

---

① ھىسامىنىڭ بىر چاقچىقىدىن



# ئازابلانغان يۈرەك

(ھېكايە)

غەلىبە مۇھەممەت

بۈرۈن تۈشۈكلىرى كېرىلىپ، ئۆپكىدەك ئې-
سىلىپ تاتىرىپ كەتكەن ئەكبەر ئىككى پۇتىنى
لاخشىگىردەك كېرىگەن ھالدا قولىنى بېلىگە تىرەپ،
غەزەپلىك كۆزلىرىنى ئايگۈلگە نەشتەردەك تىكىپ
تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەسەبىيلەرچە ھاقارەتلەشلىرىدىن
يۈرىكى مىجىلىپ ئېغىر خورلۇق ھەسرىتى چەك-
كەن ئايگۈل قولىدىكى خېمىر يۇقىلىرىنى ئۇۋۇ-
لىغاچ قويۇق كىرپىكىنى ئاستا كۆتىرىپ، بىرجۈپ
مۇلايىم قارا كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا يولدى-
شىغا قاراپ تىترەك ئاۋاز بىلەن ئارانلا ئې-
تالىدى:

— ئەكبەر كەچۈرۈڭ، بۈگۈن ئىدارىدە...

گېپىنىڭ ئاخىرى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئەك-
بەر ئالدىغا بىرقەدەم ئىتتىك كەلدى - دە، ئاي-
گۈلنىڭ پېشانىسىدىن تۈرتۈپ تۇرۇپ ۋاقىرىدى:

— كۆزۈمدىن يوقال! «ئىت ۋاپا، خوتۇن
جاپا» دەپ قايسى ئاقىل ئېيتىپتىكەن؟ ئۆزەمگە
ئۆزەم قىلدىمغۇ، ئىت سەندەك بەغەرەز بىلەن
ئۆتكەن كۈنۈم!

ئەكبەر سۆزلەۋېتىپ ئىشىكنى قاتتىق سىققى-
دى، خوشنا - خولۇملارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن
ئەنسىرەپ ئۇيۇمسىتىن ئۆلەي دەپ قالغان ئايگۈل
ئارقىغا ئىككى قەدەم داجىپ:

— مانا ھازىرلا... ئاشنى تەييار قىلاي —
دېدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى مۆلدۈرلەپ تۇرغان
كۆزلىرى، يىغلامسىراپ تۇرغان چىرايى، كۆڭۈل
ئاغرىغىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن چەكسىز يىلىنىپ-
يالۋۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىپادە قىلىپ تۇراتتى. چۈن-
كى ئۇ يولدىشىنىڭ ئەلپازىدىن سەللا دىققەت قىل-
مىسا يېنىپ كېتىدىغان جېدەل - ماجرا ئۇچقۇنلى-
رىنى كۆرگەن ئىدى.

— ...تويدۇم سەندەك لامزەللەردىن، ئىككىنچى
كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما، چىق!... ئىتتىنمۇ
«چاغ» دىسە كېتىدىغۇ!

— ......

ئايگۈلنىڭ لام - جىم دىمەي تورقۇزمىسىراپ
قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئەكبەرنىڭ غەزىۋى تې-
خىمۇ ئۆرلىدى - دە، كۆزى قان قۇيغاندەك قى-
زىرىپ ئايگۈلگە تاشلاندى. ئەندىككەن ئايگۈل
ئۆزىنى چەتكە ئالغىچە چاقماق چېقىلغاندەك زەرپ
بىلەن تەككەن مۇشتتىن سىمونت پولغا يىقىلدى.

— ئىشتىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەندە ئالدىمغا
بىر قاچا ئىسسىق تاماق قويۇشنى بىلمەيسەنۇ يە-
نە ئىدارە - خىزمەت، پالان - پۈستان دەيسىنا...
چىق...ئىدارەڭگە تەگ...خىزمىتىڭنى ئەرقىل...
ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما!

ئادەم ئۆتكۈر تىغنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندا
دەسلەپتە ھېچنەرسىنى سەزمىگەندەك ئايگۈلمۇ
دەماللىققا قۇلىقىنىڭ قاتتىق غۇڭگۇلداۋاتقانلىقى-
دىن باشقا ھېچنەرسىنى سەزمىگەن ئىدى. لېكىن
ئۇ بارا - بارا بېشىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى،
كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، نەپىسى سىقىلىۋات-
قانلىقىنى سەزدى. تۈكۈرۈكىنى يۇتماقچى بولۇ-
ۋېدى تۇزلۇق سۇيۇقلۇق كۆڭلىنى ئاينىتتى.

ئىسسىق قان قۇلىقىدىن ئېقىپ چىقىپ ئاستا بويۇنلىرىغا سىرغىدى...

ئايگۈل گويا سېزىمى كاردىن چىققان ئادەمدەك داڭ قېتىپ كارۋاتنىڭ يېنىدا ئىككى پۈكلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ جىگەررەڭگىدە ئېشىلىپ چىققان قاپىقى ۋە تومپايغان ئۈستۈنكى لېۋى نازۇك چىرايىنى ئېچىنىشلىق ھالەتكە كەلتۈرگەن ئىدى. ئۇ ياش قاپلىغان كۆزلىرىنى يەرگە تىككىنىچە لېۋىنى مەھكەم چىشلىۋالدى.

«ئەكبەرنىڭ نەزىرىدە بۇ ئايال كىشى چوقۇم ئارتىشقا تېگىشلىك بولغان جازامۇ ياكى ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغا بىلەن كۈلكە، ئازاپ بىلەن خوشاللىق بەرىدىرمۇ؟» بۇ سوئال ئايگۈلنى تاياق ئازاۋىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق قىيناۋاتاتتى. «ئەكبەرنىڭ ئەسلى قىياپىتى مۇشۇمۇ؟ ئۇ مېنى راستىنلا توغلاۋاتامدۇ؟ بىر چاغلاردا ئۆزىنى ئوتلۇق ۋەدىلەر بىلەن سۆيگەن كىشى ئەندى ئۇنى ياۋۇزلۇق بىلەن ئۇرۇشقا پېتىنىۋاتىدۇ ھە؟!، نىمە گۇنايىم ئۈچۈن شۇنچە؟...» دەپ ئۆز-ئۆزىگە سوئال قوياتتى.

ئەكبەر بولسا مۇھەببەت ۋە مېھرى-شەپقەتتىن ئەسەرمۇ قالمىغان، ئەيىپلەش ۋە سەسكىنىش ئىچىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئايگۈلدىن ئالماي گويا ئۆلجىغا خىرىس قىلغان شىردەك ھۆرپىيىپ تۇراتتى:

— چىقمايسەن ھە!... — دېدى ئۇ يەڭلىرىنى شىمايلاپ يېنە.

ئايگۈل ئەندى چىدىيالمىدى. خورلۇق، ناھەق ھاقارەتلىنىشلەر ئۇنىڭ يۈرىگىنى قان قىلدى! ئۇنىڭ شۇنچە يالۋۇرۇشلىرى ئەكبەر ئۈچۈن بەرىبىر بولدىمۇ؟ چەكسىز سەمىمىي - ساداقەت بىلەن ياخشى كۆرگەن يولدىشىنىڭ ئۇنى كۆرەر كۆزى بولمىسا؟

ئايگۈل شۇ مىنۇتتا ئارتۇقچە ئېغىر- بېسىقلىق ۋە چىدامىلىقنىڭ بەزىدە كىشى ئۈچۈن ھاقارەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ چىشىنى - چىشىغا بېسىپ كارۋاتنىڭ ياغىچىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ قاتتىق تېپىك زەربىسىدىن سىقىراپ ئاغرىۋاتقان بېلىنى رۇسلىدى. ھەممە ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ ئىچ - ئىچىدىن ئېچىلىپ كېلىۋاتقان يىغىسىنى زورىغا بېسىپ، چۈۋۇلۇپ يۈز - كۆزىگە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىنىمۇ تۈزەشتۈرمەستىن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئاسمان گۈمبىزىدە يامراپ كېلىۋاتقان قوغۇشۇن رەڭلىك بۇلۇتلار ئېرىنچەكلىك بىلەن شەرققە ئاستا سۈرۈلۈپ تولۇن ئاينىڭ يۈزىنى توسۋالدى. ئۈلگۈرۈۋاتقان يامغۇر تامچىلىرى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان شامالنىڭ ئۇرۇشى بىلەن تاراسلاپ ئايگۈلنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلماقتا. ئەمما ئايگۈل ھېچنەرسىنى سەزمىگەن ھالدا كوچا بويلاپ پاتقاق كېچىپ كېلىۋاتاتتى. گويا ئازاپلانغان يۈرىگىنى بىر شاتىماقچى بولغاندەك ئىتتىك ۋە كۈچلۈك نەپەس ئالاتتى. ئۇ ئەندى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. ئاچچىق كۆز يېشى مەڭزىنى بويلاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ يول بويىدىكى سۆۋادان تېرەككە يۆلەنگىنىچە ھەسرەتلىك خىيالغا چۆكتى...

«ئاھ! شور پىشانەم»... — دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ئېغىر خورسىنىپ، — تەقدىرنى ۋاپاسىز دەپ پەريات چەككەنلەر نەقەدەر ھەقلىق ھە؟! بۇنداق كۈنلەرنىڭ ئۆز بېشىمغا كېلىشىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن؟ قېنى مېنىڭ قايغۇسىز، خاتىرجەم ئۆتكەن باللىق چاغلىرىم، قېنى مەن ئارزۇ قىلغان بەختلىك ئائىلە؟

شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ساۋاقدىشى نىجاتنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ھارپىسىدا ئۇنىڭغا ئارقا - ئارقىدىن يازغان سۆيگۈ خەتلىرى، مەھەللىدىكى نۇردۇننىڭ ئۇنىڭغا ئۇمت بىلەن تىكىلىپ قاراشلىرى، يېڭى خىزمەتدىشى تۇيغۇننىڭ ئۇنىڭغا قىلغان سەمىمى ياردىمى ۋە قوللىشى، دوستلىرى تونۇشتۇرغان تۇرسۇن، شۆھرەتلەر... ئاتا-ئانىسى جاۋاپسىز قايتۇرۇۋەتكەن ئەلچىلەر بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى...

ئۇ چاغلاردا ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تىنىمسىز تۇيغۇلار دەرياسىدا ئۈزۈپ يۈرگەن مەغرۇر تەبىئەتلىك ئايگۈل غايىسىدىكى لايىقىنى ئۆزتارازىسى بويىچە ئۆلچەپ، باشقىلارنىڭ نەسىھەتلىرىگە پەرۋا قىلمىغان ئىدى.

«يىگىت دىگەنچۇ مۇنداق بولىدۇ، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئۆزىنىڭ خۇشخۇي كەيپىياتى، ئەلھەركەتچىدەك پەستى، سەنئەتچىدەك قەددى-قامىتى، دولقۇنسىمان قوڭۇر چاچلىرى، قورغۇيىنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى، ئوينىاق قاشلىرى، گارمونىنىڭ تىللىرى ئۈستىدە تاللايدىغان شوخ بارماقلىرىدا «بالامىسكىن» كۈيى بىلەن قىزلارنى مۇھەببەت مىلتىقىدا بەتلەپ، ئىشتىياق ئوتىدا ئېتىپ بىھوش قىلالىسا ھىساپ!»

شۇ تۈرپەيلىدىن ئۆزىنىڭغا ئۈمىت بىلەن تىكىلگەن كۆزلەر ياشلاندى. قىزغىن سوزۇلغان قوللار ھاۋادا بوش قالدى. ئايگۈل ئاخىر ئۆز غايىسىدىكى كۈتكەن ئارزۇسىغا يەتتى. ئۇ بىر قېتىم دوستىنىڭ تويىدا تۇساتتىن ئۇچرىتىپ قالغان ئەكبەرنىڭ ئۆزىنىڭغا تىكىلگەن ئوينىاق كۆزلىرىگە مەپتۇن بولۇپ نىپىزلەۋلىرىدە سۆيگۈ تەبەسسۇمى جىلۋىلەندى. پۈتۈن ۋۇجۇدى چاقماق تېزلىكىدە پەيدا بولغان مۇھەببەت ئوتىدا ياندى...

ئەمما ئايگۈل يىگىتلىكنىڭ چىن مەنىسى بولغان ھالاللىق، ئاقكۆڭۈللۈك ۋە ئاتىدارچىلىقنى گويا ئۆز «شەرتى» گە توشقانلارنىڭ ھەممىسىدىن تېپىلىۋېرىدىغاندەك ئالدىنقى ئورۇنغا قويمىدى. ئۇ ئەكبەر بىلەن تونۇشۇپ ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تويىنى قىلىپ ئۈلگۈردى.

توي ئىشىغا كەلگەندە ئايگۈل «يىگىت كۆڭۈلدىكىدەك بولسا ئارتۇق قائىدە - يوسۇننىڭ نېمە ھاجىتى» دىگەن ۋەدىسىدە تۇرۇپ، تويلۇق ئۈچۈن ئەكبەرنىڭ بېشىنى قاتۇرمىدى. خىزمەتكە چىققىلى ئەمدىلا ئىككى يىل بولغان ئورۇق - تۇققانسىز بۇ يىگىت ئايگۈلنىڭ ئىنساپلىق ئائىلىسىگە يېتىشىپ ئالمىغان بولسا تويىنى تۈگەتكىچە نېمە رىيازەتلەرنى چېكەتتىكىن؟

— بىز مال سودىسى قىلىۋاتقىنىمىز يوق، كېيىن باللارنىڭ دىلى رەنجىپ قالمىسىلا ئەۋزىلى شۇ، — دىگەن ئىدى ئايگۈلنىڭ ئانىسىمۇ ئۆزىنىڭ بىردىن - بىر ئارزۇسىنى قايتا - قايتا ئىزھار قىلىپ. توي بولۇپ ئون ئايدىن كېيىن ئەكبەرنىڭ تويدىن بۇرۇن قاچانلاردىدۇر قىلغان قەرزلىرىمۇ ئۈزۈلۈپ بولدى.

— ئەگەر بىر قېتىم كوماندىرۇپكىغا چىقمىغان بولسىڭىز يەنە بىرنەچچە ئاي جاپا تارتساقلا ئۆيىمىزنى خېلى قويۇلدۇرۇۋالغان بولاتتۇق، — دىدى ئايگۈل ئەكبەرنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى سومكىغا جايلاشتۇرغاچ.

ئەكبەر بەش ئايدىن كېيىن كوماندىرۇپكىدىن قايتىپ كەلگەندە ئۆي ئىچى تونۇغۇسىز بېزەلگەن بولغاچقا ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى. تامدىكى ئوتقاشتەك گىلەم، ئۆدۈل تامغا قويۇلغان دىۋان، دەرىزىلەرگە تارتىلغان نەپىس پەردىلەر، ئىگىز-پەس ئىشكاپ ئۈستىگە ماھىرلىق بىلەن تىزىلغان چار - پۇرز بۇيۇملار ئۆيگە گۈزەل ھۆسن كىرگۈزگەن ئىدى.

ئەكبەرنىڭ ھەيرانلىق ئارىلاش سوئالىغا ئايگۈل قىسقىچىلا جاۋاپ بەردى:

— ئىشقىلىپ تېجىدىم - دە.

ئەكبەرنىڭ چىرايىغا بىرخىل پەرۋاسىز كۈلكە ئولاشتى. چاپانلىرىنى يېشىپ تاشلاپ راھەت بىلەن دىۋانغا سوزۇلدى.

ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئايگۈل بىر كۈنى ھارغىنلىق بىلەن ئەكبەردىن سورىدى:

— سىز قايتىپ كەلگىلىمۇ ئىككى ئاي بولدى. مەن يەڭگىپ تۆت ئايغىچە يەنە قولىڭىزغا مۇئاش تەگمىگەندەك.

— مەقسىدىڭ پۇلدا ئىكەندە، — زەردە بىلەن كۈلەيدى ئەكبەر، — ياقا يۇرتتا يۈرۈپ زېرىكتۇق، زېرىككەندىن كېيىن ئىچىشتۇق.

كارايىتى چاغلىقلا ئىشلارغا كايىپ يۈرۈشنى ئۆزىگە ئادەت قىلمىغان ئايگۈل ئۇششۇقچە ھېچنەرسە دىمىدى.

تويدىن كېيىنكى شېرىن كۈنلەر خۇددى ئېچىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا توزۇپ كېتىدىغان باھار چېچەكلىرىدەك ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كەتتى.

كۆزلەر ئۆتكەنسېرى ئەكبەرنىڭ مىجەز - خاراك-
تېرى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئۇ، ئېغىر ئاياق
بولۇپ قالغان ئايگۈلنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ،
نەلەردىدۇر يۈرۈپ، غەرق مەس بولۇپ يېرىم
كېچىلەردە ئۆيگە كېلەتتىمدە، ئايگۈلگە ئورۇنسىز
ئازار بېرەتتى.

— ئۆيگە كىملەر كېلىپ كەتتى، ئەرلەر قەدەم
باستىمۇ - يوق؟

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ ئەكبەر، — ئايگۈل
ئەلەمدىن پوكاندەك قىزىرىپ كېتەتتى، — ئاغزىڭىزغا
كەلدى دەپ سۆزلەۋەرمەڭ.

— ھىم، — ئەكبەر دىمىغىنى قېقىپ ئاچچىق
تەنە قىلاتتى، — خوتۇن كىشى دېگەنگە ئىشەن-
گىلى بولامدۇ؟

— نېمە دەپ ئىشەنگىلى بولمىغىدەك؟

— خوتۇن خەق دېگەننىڭچۇ سۈپۈرگىدىن
كۆزلىشىمۇ ھەقلىق.

ئەكبەرنىڭ ئورۇنسىز سوراقلىرى، قارغىش
كۈندەشلىك بىلەن تولغان تېتىقسىز سۆزلىرى
ئۇنى ئازاپلايتتى، قەلبى ئازاپتىن پارە - پارە
بولاتتى. چۈنكى ئۇ ئەكبەرنى كۆزلەرنىڭ بىرىدە
مۇشۇنداق قىلىدۇ دەپ ئەسلا ئويلىمىغان ئىدى.

ئۇ تۇغۇت ۋاقتىنىڭ دەل شۇ ئازارلىق مىنۇت-
لاردا تۇشۇشىنى ھېچ خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى.
يىغىدىن بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىپ كۆزلىرى قىزارغان
ئايگۈل بەل ۋە قورسىقىغا چىدىغۇسىز بىر ئاغ-
رىقنىڭ قىلىۋاتقان ھۇجۇمىدىن سەنتۈرۈلۈپ
يۆكۈلگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ ئۇدۇل دوختۇر-
خانىغا يول ئالدى. پېشانىسىدىن تەر قۇيۇلۇپ
نېپىز لەۋلىرى قاتتىق چىشلەشتىن زەخىملەندى،
تۇغۇت كۆرتۈش ئۆيىدە نەچچە سائەتلەپ ئىڭرىدى.
ئەمما ئايگۈل ئۈچۈن ھايات - ماماتلىق بۇ
مىنۇتلاردا ئەكبەر ئۇنىڭ قېشىدا يوق ئىدى.

— ئەكبەرگە نېمە بوپتۇ، — دېدى ئايگۈلنىڭ
ئانىسى بىر - ئىككى قېتىم كۆرۈنۈپ قويغانچە
قايتا يولىماي يۈرگەن كۈيوغلىدىن نارازى بولۇپ، —
قارىسىنىمۇ كۆرسەتمەيدىغۇ؟

— بەلكى خىزمىتى ئالدىراشتۇ، — ئايگۈل
چاندۇرماسلىق ئۈچۈن شۇنداق دەپ قويىدى.
لېكىن ئاتا - ئانىسى ئالدىدا يەرگە كىرىپ
كەتكىدەك خىجىل بولدى. ئۆزى تەنھا قالغاندا
بوۋىقىغا ھال ئېيتىپ، ئۇنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى
يېقىپ ئۆپكىدەپ يىغلىۋېتەتتى. ئارىدىن ھەپتە
ئۆتۈپ چۈش ۋاقتى بىلەن ئەكبەر سوزۇلۇپ
كىرىپ كەلدى. ئۇ كەيپىسىنى چۈكۈرۈپ كېيى-
ۋالغان ئىدى.

— ئەكبەر دىدارىڭىزغا زار قىلىدىغان بولدى-
ڭىزغۇ، — دېدى ئايگۈل مەيۈسلەنگەن ھالدا
ۋە دەرھاللا گېپىنى چاقچاققا ئۆرىدى، — كېيىنچە
ئوغلىڭىز سىزنى تونۇماس بولۇپ قالمىسۇن يەنە.
لېكىن ئەكبەر ئايالىغا ھۇمايدى:

— چۈنتەكتە پۇل بولمىسا قانداق كېلىمەن؟
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئايگۈل خىجالەت بولدى.

— مۇنداق دېگا، خاپا بولماڭ، مەن تېخى سىزنى
كەلگىسى يوق چېغى دەپتىمەن. مەن ھېچنەرسىدىن
قىسىلغىنىم يوق. خۇداغا شۈكرى، ئاتا - ئانام
بار. ھېچقانداق ئەندىشىدە بولماي كېلىۋېرىڭ،
غىزانىمۇ مۇشۇ ئۆيدە يەڭ.

ئەكبەر بىردەم ئولتۇردى ۋە نېمىگىدۇر
ئالدىراپ چىقىپ كەتكەنچە ئايگۈلنىڭ ئۆيىگە
يولىماي قويدى. ئايگۈل گەرچە ئەكبەرنىڭ بۇ
ئىشىدىن رەنجىگەن بولسىمۇ لېكىن ئەكبەرنىڭ
ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قالغانلىقىنى،
ئۆزىدىن باشقا بىرەر يېقىن ئادىمىنىڭ يوق ئىكەن-
لىكىنى ئويلاپ ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ئىچ ئاغرىتتى.
شۇڭا ئۇ يەڭگىپ ئەللىك كۈن بولغاندا ئۆيىگە
قايتىپ كېلىپ بوۋىقىنى دىۋاندا ئېمىتىپ ياتقان
ئەكبەرنىڭ قۇچىقىغا سېلىپ بەردى.

— مانا سىزگە بىر ئوغۇل مۇكاپات.

پەرزەنت يۈزى كۆرگەن قايسى بىر ئاتا - ئانا يورۇق
دۇنياغا كۆز ئاچقان ئۆز پەرزەندىدىن شاتلان-
مىسۇن؟ ئەمما بۇ ئائىلىدە بولسا بالا جېدەل -
ماجرانىڭ سەۋەبچىسى بولدى.

— نېمە ھەقىردىتمۇ بېرىسەن ھەي، — دەپ دۈشكەل-
لىدى ئەكبەر بىر كۈنى كېچىدە كۆزلىرى يېرىم

يۇمۇلغان ھالدا يالتىراپ ئاستىنى تۇرۇۋاتقان ئايگۈلنى، — ئۇيقا ھارام بولدى، كېچىگە، بىرسى ئالدىغا چاچاق قۇرۇپ چىقىۋاتقاندەك ئاپاقنىڭ ئۈستىدە تۇرۇۋەرسەڭ بولمامتى؟ — ئەكبەر بېشىنى يوتقانغا پۈركىۋېلىپ قورۇشۇپ قويىدى، — «ئۆزى كەتكەن يار، ئۆزى كەلگەن يار» دېگەندەك...

ئەكبەرنىڭ ئۇنى ھېچبىر ئايىماستىن كېتىۋاتقان بۇ كېچە كۈنى زەھەرلىك تىغدەك ئايگۈلنىڭ يۈرىكىگە قادالدى. ئۇ بىردىنلا چىدىدى تۇرۇپ ئېلىپ يەنە ئۆزىنى باستى. غەزەپلىك سېزىمىنى بىلدۈر-مەسكە تىرىشىپ گەپ قىلمىدى.

...كۈنلەر ئۆتتۈۋەردى. لېكىن ھەر بىر كۈن، ھەربىر سائەت ئايگۈل ئۈچۈن يىلدەك بىلىنىپ، كۆڭۈلسىزلىك، ھەسرەت ئۇنىڭ يۈرىكىنى مىجىۋەتتى. ئۆيىنىڭ بارى-يوقى بىلەن ئەكبەرنىڭ قىلچىمۇ كارى يوق ئىدى. مائاشىنى بولسا ئايگۈلگە كۆرسەت-مەستىن يوق قىلاتتى.

ئۈركەش پاخلان بوۋاق بولغان مەزگىلدە ئايگۈلنىڭ سۈتى بىردىنلا قارتىلدى. چۈنكى ئۇ غورىگىل قالغان ئىدى. «دەريادا بېلىق ئۇسسۇز دېگەن مانا شۇ، جاھاننىڭ شۇنچە كەڭرىچى-لىكىدە» دەپ ئويلاپ قوياتتى ئۇ بەزىدە. شۇڭا ئۇ، مائاش تارقاتقان كۈنى بالىسىغا خوشنىسىنى قاراتتىپ قويۇپ ئالدىراپ ئىدارىغا كەلدى. ئۇ، مائاش سېلىنىدىغان لىپاپىنى ئالدىراپ ئېچىۋېتىپ پۇت - قولى بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ قولىغا پەقەت بىرپارچە ھۆججەت چىقتى. ئۇنىڭدا «ئايگۈلنىڭ توغۇتىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۈچ يۈز يۈەن قەرز ئالدىم ئەكبەر» دېيىلگەن ئىدى.

ئايگۈل يول بويى بىر تىيىنمۇ كىرىمسىز قالغان بۇ ئائىلىدە بىر نەچچە ئاينى قانداق قىلىپ ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ ئامالىنى ئويلاپ ئۆيىگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەز-مەي قالدى. ھېلىقى ھۆججەت ئۇنى كاڭگىرىتىپ قويغان ئىدى. ئايگۈلنىڭ سارغايغان مۇڭلۇق چىرايىدىن بۇ ئائىلىدىكى ئاۋازسىز قىسىلىشنى

چۈشىنىپ يەتكەن خولۇم-خوشنىلار ئۇ تۇغۇپ ياتقان مەزگىلدە بۇ ئۆيدە بولۇپ ئۆتكەن قالاي-مىقان كېچىلىك ئولتۇرۇشلار توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشتى. ئايگۈل گەرچە غەزەپلەنگەن بولسىمۇ لېكىن بۇ ئىشلارنى ئەكبەرنىڭ يۈزىگە سېلىشنى لايىق كۆرمىدى. كارۋات ئاستىغا دۆۋىلىنىپ كەتكەن ھاراق بوتۇلكىلىرىنى سېتىپ ئوغلى ئۈ-چۈن شېكەر ۋە سۈت سېتىۋالدى.

قىزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر تاپقان ئاتا - ئانا نەۋرىسىنى يېنىغا ئەكەلدۈرۈۋالدى. ئەمما بۇمۇ ئەكبەرنى رازى قىلالمىدى. ئۇ بارغانسېرى تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەيدىغان، ئايگۈلنىڭ گەپ - سۆز، يۈرۈش - تۇرۇش ھەتتا كۈلۈشلىرىدىنمۇ ئېۋەن تاپىدىغان بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ھەتتا بىر كۈنى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئايگۈلنىڭ بېشىدا دۈۋەيلەپ «ئۆلۈك گۈلنى سېتىپ تاپتەك ياتقىچە قوپۇپ كىيىملىرىمنى دەزماللاپ بەر» دەپ تۇرۇۋالدى. ئايگۈل لىۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنلاپ بەردى. ئەكبەر چېچىنى مايلاپ، شىمىنى قىرلاپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى ئورنىغا ئېتىپ كەچكىچە يىغلىدى.

...يامغۇر تېخىمۇ كۈچەيمەكتە. ئەتراپنى گۈگۈم پەردىسى قاپلىغان، ئۇرۇلۇۋاتقان سوغاق شامال كىشىنى ئەندىكتۈرەتتى.

يول بويىدىكى تېرەككە يۆلەنگىنىچە قىمىر قىلماي تۇرغان ئايگۈلنىڭ يۈزىدە دۇنيادىكى پۈتكۈل دەرت - ھەسرەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەكس ئېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ بارغانسېرى ئۆزىدە ئەكبەرگە نىسبەتەن نەپرەت سېزىمىنىڭ كۈچىيى-ۋاتقانلىقىنى سەزدى.

شامال قارا بۇلۇتلارنى سۈرۈپ يامغۇر توختىدى. ئاسماننىڭ غەرب تەرىپى سۈزۈلۈپ كەلمەكتە. پايانسىز كۆكتە جىمىرلاۋاتقان يۇلتۇز-لارغا كۆز تىككىنىچە خىيالغا چۆككەن ئايگۈل ئۆزىگە سۆزلەشكە باشلىدى:

«شامالنىڭ قەيسەر كۆرسىتىشى بىلەن قارا

بۇلۇتلار ھەيدىلىپ كۆك يۈزى تازىلاندى. بۇ بىر مۆجىزە ئەمەسمۇ؟ تۇرمۇشنىڭ يورۇق، بەختلىك تەرەپلىرىنى كۆرۈشكە ئىمكان بەرمەيۋاتقان، ئۇنىڭدىن بەھرى ئالدۇرمايۋاتقان قارا بۇلۇتلارنى تازىلاشنىڭ چارىسى تېپىلماسمۇ؟ بۇنىڭ چارىسى نىمە، ئاجرىشىشمۇ؟»

... بىر چاغلاردا ئۇنىڭ ھەسسىياتقا باي قەلبى مەجنۇنتال ياپراقلىرىدەك تىترەپ، پاك سۆيگۈ ئىستىكىدىن لەرزىگە كەلگەن، باھارغۇنچىسىدەك نازۇك، قاش تېشىدەك پاك چاغلىرى ۋە كىرپىك ئىلماي سۆيىمنى كۈتۈۋالىدىغان پەيتلىرى بولغان. ئۇ ئەنە ئەشۇ بەختلىك مىنۇتلاردا ئۆزىنىڭ پاك،ۋەھەيبەتكە تولغان بىغۇبار قەلبىگە ئېرىشىش سالاھىيتىگە ئىگە يىگىت بىلەن ۋىسال شاتلىقىدا خىيالى مۇڭداشقان. ئۇ ۋاپا دەرياسىدا ئېقىپ غەرق بولۇشقا رازى ئىدىكى: جۇدالىق، ۋاپاسىزلىق يولىغا ئاياق بېسىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇ ئۆز ھەمرىيىغا غەمگۈزار بولۇشقا، بىر ئۆمۈر خوشاللىق بېغىشلاشقا ئەھدە قىلغان ئىدى. ئەمما تۇرمۇش ئۇنى نىمىلەرنى ئويلاشقا مەجبۇر قىلمۇۋاتىدۇ؟ ئاھ، قېنى ئەمدى يۈرەكتىكى ئەشۇ ئاتلىق سەزگۈلەر! تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى!

سوغاق شامال ئايگۈلنىڭ ئىچ - ئىچىگە ئۆتمەكتە، ئۇ گويا مەس ئادەمدەك ئېغىر قەدەملىرىنى ئالدىغا - تۈزغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆيى تەرەپكە تاشلىدى...

* *

ئايگۈل ئاتا- ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلگىنىگە بىر يىلدىن ئاشتى.

ئاھ بىر يىل! قانچىلىك ئىزايى - ئەلەملەر، قانچىلىك دەرت - ھەسرەتلەر بىلەن ئۆتكەن بىر يىل - ھە ئۇ؟!

ئەمدى ئۇنىڭ كۆز قۇيرۇقلىرىنى ئىنچىكە قورۇقلار چىرماپ، ياڭاق سۆڭەكلىرى چىقىپ قالدى. چىرايىدىكى خۇش تەبەسسۇم ۋە قىزىللىق كېتىپ ئۇنىڭ ئورنىنى روھسىزلىق ۋە ئۇنىسىز يىغان بەدىلىگە كەلگەن زەپىرەڭلىك ئىگەللىدى. بۇ ئەلۋەتتە ئاتا- ئانىسىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرەلمىگەنلىكىدىن، ئۇنىڭ كۆڭلى ئاتا - ئانىسىدىن سۇ ئىچمىگەنلىكىدىن ئەمەس. بەلكى ئۇنى دەرت- ئەلەم قۇرۇتتەك ئىچىدىن يەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان، كىشىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدىغان بولۇۋالدى. بۇنىڭ سەۋەبى بار ئىدى؛ ئۇنىڭ تۇرمۇشتا ئۇچرىغان بۇ بەختسىزلىكىنى ئاڭلىغان بەزىلەر يوقلاپ كېلىپ كۆڭۈل ئېيتىشتى. بەزىلىرى بولسا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن غەلىتە سۆز چۆچەكلەرنى توقۇپ يۈرۈشتى.

ئايگۈل بەزىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئېچىنىش، خەيرىخاھلىق، ھېسداشلىق ئالامەتلىرىنى كۆرسە، بەزىلەرنىڭكىدىن مەسخىرىلىك سوغاق كۈلكە ئالامەتلىرىنى بايقاپ قالاتتى. شۇ ۋەجىدىن دەرت ئۈستىگە دەرت قوشۇلۇپ تېخىمۇ ئازاپلىناتتى.

لېكىن تۇرمۇش كامالەتكە يەتكەن ئۇستاز. ئۇ - تېنىمەي - تەمتىرىمەي، سەۋرچانلىق بىلەن دەرس ئۆتۈپ كىشىنى رىياللىققا بوي سۇنۇشقا، ئالدىغا ئۇچرىغانغا كۆنۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئايگۈلنىڭ كۆڭلىمۇ ئاستا - ئاستا تەسەللى تېپىشقا باشلىدى. كىچىككىنە ئۆركەشنىڭ ئاتا مېھرىگە تويماي، گويا ئۇنى ئىزلەۋاتقاندەك ئۇياق - بۇياققا تەلمۈرۈپ پىلدىرلاۋاتقان كىچىككىنە قارا كۆزلىرى ئۇنىڭدا ئوغلى ئۈچۈن، ئۇنى قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدا ياشاش ئىستىكىنى ئويغاتقان ئىدى. شۇڭا ئۇ بىرلا مەقسەت ئۈچۈن، مۇقەددەس ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈنلا ھەممە ھەسرەتلەرنى ئىچىگە يۇتۇپ ياشاپ كەلمەكتە ئىدى.

3

ئايگۈل بۈگۈن ئويلىمىغان يەردىن يەنە بىر قېتىم زەربىگە ئۇچرىدى. ئۇ ھازىر ئانىسىنىڭ ئۆز قېشىدا بولۇشىغا، ئۆزىگە ھال - مۇڭ بولۇپ دەردىنى ئاڭلىشىغا نەقەدەر مۇھتاج ئىدى ھە؟!

ئادەم كۆڭۈلدىكىدەك بىرسىنى تېپىپ يۈزخادىن چىققىدەك بىر دەرت ئېيتىۋالسىمۇ خېلى يېنىكلەپ قالىدۇ! بىر سائەتتىن بېرى ئايگۈل دېۋاندا خامۇش ئولتۇراتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ «دادالىقا قايتىپ كەلگىچە تاماق قىلغاچ تۇرغىن» دېگەنلىرىنى ئۇنتۇدى. يېنىك پۇشۇلداپ تىنىپ بىخارامان ئۇخلا-

ۋاقتان ئۆركەشكە ئۇزۇن قاراپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ يۇمشاق، جانسىز چاچلىرىنى سىلاپ مەڭزىدىن سۆيدى. يۈزىگە تامغان ئىسسىق ياشتىن كەندىكىپ چۆچۈپ كەتكەن ئۆركەشنى پەپىلىدى.

ئۇ خىيال بىلەن بولۇپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلگەنلىكىنىمۇ سەزمەي قاپتۇ. خەلچىخان ئانىنىڭ چىرايى ئۆچكەن، قاپاقلىرى چۈشكەن ئىدى. «دىدىمدىك ئاپامىز خەۋەر تېپىپتۇ» دە، — دەپ ئويلىدى ئايگۈل، ئۇ ئۆزىنى تۇتالمىدى.

ئايگۈل ئەتىگەندە گۆش ئالغىلى چىققان ماگىزىندا گۆش ئالغۇچىلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئايگۈل ئۆچىرەتنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا بېرىپ تۇردى. شۇ چاغدا ئالدىدا تۇرغان بىر نەچچە ئاياللار ئايگۈلنى كۆرسىتىشىپ كۇسۇرلىشىشقا باشلىدى.

— قاراڭلا، ئايگۈل بەكلا ئوبدان قىز ئىدى. ئۆيىمىز ئۆي بولۇپ قالسۇن دەپ شۇنچە ئېغىرچىلىقنى تارتسا ئۆزىنى بىلمەي قالدى ئۆزئەخمەق.

— ئايگۈل ئاڭلىغانمىدۇ؟

— ئاڭلىغاندۇ، قاردىماسىلەر، شۇنچە پەردىشان تۇرمامدۇ؟

— يەنە نېمە بوپتۇ؟

— نېمە بولاتتى؟ ھېلىقى ئەكبەر دېگەن بەغەرەز، ئايگۈلنى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قوغلىۋەتكەندىن كېيىن بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرلەردە يۈرۈپ پەيمانى توشۇپ قاپتىكەنمۇ دەيمەن، خەق بىلەن مۇشلىشىپ بىرجانغا زامىن بولغىلى تاسلا قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تولغا ئېلىنىپتۇ.

ئايگۈل بۇ ئاھانەتلىك گەپنى ئاڭلاپ تۇرالماي ئۆچىرەتتىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى-دە، ئۇدۇل ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. يول بويى بۇ خەۋەرنى قايسى ئاغزى بىلەن ئاپىسىغا ئېيتىشىنى بىلمەي بىئارام بولدى. ئويلىغان يەردىن ئاپىسى بۇ ئىشتىن ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ بولغان ئىكەن.

ئايگۈلنىڭ يۈز-كۆزلىرى يىغلاۋەرگەچكە ئىششىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئاستا بېشىنى كۆتىرىپ، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى بىسىرنۇق-تىدا تىككەن ھالدا ئورىغا ياتتى. ئۆي ئىچىنى بىردەملىك جىم-جىتلىق قاپلىدى.

— بۇ ئىشنى ئوبدانراق ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ، — ئاستا سۆزلىدى ئانا ئارىدىكى جىم-جىتلىقنى بۇزۇپ، — ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟

ئايگۈل ھە دېگەندىلا جاۋاپ قايتۇرمىدى. دە-ھەممىز بۇ سوئال ئۇنى ئەتىگەندىن بېرى قىيناماقتا ئىدى. دەرۋەقە ئۇنىڭ ئۆز ھاياتى، بۇندىن كېيىنكى تۇرمۇش ھەققىدە جىددى ئويلىنىدىغان ۋاقتى كەلدى. قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۇنىڭ كاللىسىغا ھېچبىر پىكىر كەلمەيتتى. مېڭىسى خۇددى تۇمانلىق كۈزدەك غۇۋا ئىدى. ئۇ ئېغىر بىر ئۇھ تارتتى-دە، ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا يەنە يالغۇز قالغۇسى، ھەممە ئىشلار توغرىسىدا ئالدىرىماي ئويلاپ چىققۇسى كەلدى. ئۇ كوچىغا چىقتى. كۈزنىڭ جانغا ئارام سالىدىغان شامىلى ئايگۈلنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلدى. ئالتۇندەك سارغايغان يوپۇرماقلار يېنىككىنە شىلدىرلايتتى. ئەتراپ شۇنچە جىم-جىت، شۇنچە گۈزەل ئىدى. ئەدىدىزدىر يېقىنلا بىر يەردىن كۆتىرىلگەن خۇشال كۈلكە سادىسى ئايگۈلنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. ئايگۈل ئىختىيارسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى — كوچا ئوتتۇرىسىدا بىرجۈپ قىز-يىگىت بىر-بىرىنى قولتۇقلاپ تەكشى قەدەم تاشلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇلار شۇنچىلىك خۇش كەيپ ئىدىكى ئايگۈل بۇ مەنزىرىدىن زوقلانماي تۇرالمىدى. «بەختلىك بىر جۈپلەر» دەپ پىچىرلاپ قويدى ئايگۈل ھەسرەت بىلەن، ئۇنىڭ خىيالى ئىختىيارسىز ئەكبەر بىلەن ئۆمۈرلۈك بولۇشقا ۋەدىلەشكەن ئۇنتۇلماس كۈنلەرگە كەتتى...

— ئېيتقىنا ئايگۈل، ماڭا ۋاپا قىلامسەن؟— دەپ سورىغان ئىدى ئەكبەر بىر كۈنى ئايگۈلنىڭ ئۇزۇن قاراچاچلىرىنى قولىدا ئويناپ ئولتۇرۇپ.

— ...

— گەپ قىلمايسەنغۇ؟

— ...

ئايگۈل ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ ئالدىغا چۈشۈپ تۇرغان چېچىنى كەينىگە يېنىككىنە تاشلاپ شاققىدە ئورنىدىن تۇردى ــ دە، ئېرىق بويىدىكى بىر تۈپ سۆگەتكە يېرىم يۆلەنگىنىچە ئۇنىڭ قوۋزاقلىرىنى تاتىلاشقا باشلىدى.

ــ دېمەك سەن... ــ ئەكبەر ئالدىراپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتتى، ــ سەندە ئىشەنچ يوق ئىكەندە؟

ــ مېنى تولا رەنجىتمەڭ ئەكبەر، ــ ئايگۈل ئاۋازى تىترىگەن ھالدا كۆزىنى ئېرىقتا شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇغا تىكىپ تۇرۇپ دېدى.

ــ بۇ نىمە گەپ، مەن سېنى نىمە دەپ رەنجىتتىم؟

ــ ئىشەنمەسلىكىڭىز بىلەن.

ــ بۇ ئىشەنمەسلىكتىن چىققان سوئال ئەمەس، ــ ئەكبەر يېنىك نەپەس ئالدى، ــ پەقەت سېنىڭ قەلبىڭنى بىلمەي بېقىش ئۈچۈنلا...

ــ ئىشەنگەن ئادەمدىن بۇنداق ئورۇنسىز سوئاللارنى سوراش ھاجەتسىز.

ئەكبەر ھاياجانلاندى. قىزنىڭ ئاز ئارىلاش كۈلكە يېغىپ تۇرغان ئوماق چىرايىغا تىكىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئايگۈلگە بولغان چەكسىز ئامراقلىقىنى نىمە بىلەن ئىپادە قىلىشنى بىلمىگەنىدەك، ئۇنىڭ ماڭلىيىغا چۈشۈپ تۇرغان چېكە چاچلىرىنى ئاستا كەينىگە قايرىپ تۇرۇپ ئېيتتى:

ــ دېمەك ۋەدەڭ چىڭ ئىكەندە؟

ۋەدە؟ ــ ئايگۈلنىڭ ئىنچىكە قاشلىرى ھەممىردىلىپ سوئال بىلەن ئەكبەرگە تىكىلدى، ــ ئەكبەر، ۋەدىدىن ۋاپا كۈتمەي ۋاپا ئىچىدىن چىن ۋەدىنى ئىزدەپ تېپىش كېرەك.

ــ ئايگۈل... ــ ئەكبەرنىڭ لەۋلىرى تىترەپ گەپ قىلالماي قالدى. ھاياجاندىن ئۆزىنى توختىتىشقا ئاجىز كەلدى ــ دە، ئايگۈلنى باغرىغا مەھكەم باستى.

4

چاچ ساقاللىرى ئۆسۈپ، يۈزى ئېچىنىش تاتىرىپ كەتكەن ئەكبەر تۈرمە سولاقخانىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا مەيۈس ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۈمىتسىزلىك قاپلىۋالغان بولۇپ باش - ئاخىرى يوق چىگىش ئوي - پىكىرلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغان بېشى ئېغىرلىشىپ پەسكە ساڭگىلاپ كەتكەن ئىدى. ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇھ تارتىپ ھەسرەتلىنىپ قوياتتى. شۇ تاپتا ئۇ نې-مىلەرنى ئويلاۋاتىدىكەن؟ ئۇ ھەممىنى ئويلىدى، ئويلىغانىدىمۇ تەپسىلى ئويلىدى. ئادەتتىكى ئەمگەك كۈنلىرى ئۇ ئېتىزدا بېرىلىپ ھەممىنى ئۇنتۇشقا ئۆزىنى زورلايتتى. لېكىن بۇ كۈنكىدەك دەم ئېلىش كۈنىدە ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئېغىرلىق يېتەتتىكى ئۇ ئۆزىنى دۇنيادا يەككە يېگانە سېزەتتى. ئەكبەرنىڭ ئۇلپەتلىرى ئۆز كومپانىيەسىدە ئەكبەردىن ئىبارەت بىرەيلەننىڭمۇ بار بولغانلىقىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتتىمىكىن؟ گۈلدىن - گۈلگە، شاختىن - شاخقا قونۇپ ئۆگىنىپ قالغان ھېلىقى «كېپىنەك» قىزلار ئەمدى قاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەندۇ؟

ئەكبەر ھەممىسى توغرىلىق ئويلىدى: ئايگۈل، ئۆركەش، يار - بۇرادەرلەر...

راست، ئۇنىڭ تولىمۇ بەختلىك بىر ئائىلىسى، مېھرىبان ئايالى، ئوماق ئوغلى بار ئىدى ــ ھە؟ شۇنداق، ئۇ تېخى بۇ ئائىلىنىڭ خوجايىنى ئىدى! ئەكبەرنىڭ خۇشاللىقى ئۇلار ئۈچۈن بەخت، خاپىلىقى ئۇلار ئۈچۈن قايغۇ ھەسرەت ھېساپلىنىدىغان. ئەمدى ئۇلار نىمە ئىش قىلىۋاتىدىكەن؟... بەلكىم ئايگۈل سىرتقا بېرىپ ئايرىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقاندۇر.

ئەكبەرنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى. ئايرىلىش جۇدالىقى، پۇشايمان ئۇنىڭ يۈرىكىنى رەھىمسىزلىك بىلەن تاتىلايتتى. بۇ تۇيغۇلار ئۇنىڭ مېڭىسىدە بىرقايتام پەيدا قىلىپ ئۇزنى غەرق قىلىۋېتەتتى. ئۇ خىيالەن تىپىرلايتتى...

ــ ئەكبەر! ــ تۈرمە نازارەتچىسىنىڭ چاقىرىشى بىلەن ئۇ كۆڭۈلسىز ئويلىرىدىن بېشىنى كۆتەردى ۋە ئورنىدىن تۇردى.

ــ سەن بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ بىرەيلەن سىرتتا ساقلاپ تۇرىدۇ.

ئەكبەر ئېگىرقاپ قالدى. «بۇ كىم بولۇشى مۇمكىن ئەخىر؟ ئايگۈلمۇ، ياق! ئۇ بۇ يەرگە ھەرگىز دەسسىمەيدۇ. ئۇنداقتا كىم بولۇشى مۇمكىن؟» ئەكبەر مېڭىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈۋاتقان سوئال ۋە گۇمانلارنىڭ ھەيدىشى بىلەن ھەيرانلىققا تولغان كۆزلىرىنى سىرتقا

تىكىپ دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. دەرۋازا سىرتىدىكى كىچىك مەيداننىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئېرىق بويىدا پاكىز ۋە رەتلىك كىيىندۈرۈلگەن ئۆركەشنى كۆتىرىپ ئايگۈل تۇراتتى.

— ھە؟! — ئەكبەر ئايگۈلنى كۆرۈش بىلەنلا داڭ قېتىپ توختاپ قالدى. بىرىمدىن ئارتۇق تاشلىۋېتىلگەن، مۇھەببىتى ۋە قەلبى دەپسەندە قىلىنغان ئايگۈل ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك مۇلايىمغىنە كۈلۈمسىرەش بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا كېلىپ توختىدى.

— ئايگۈل... — ئەكبەر بۇنىڭدىن ئارتۇق گەپ قىلالمىدى. تامىقىغا بىرنەرسە قاپلاشقاندەك نەپسى بوغۇلدى، — ئايگۈل...

ئەكبەر يەنە بىرقېتىم تەكرارلىدى. لېكىن دېمەكچى بولغانلىرى يۈرىكىدە قېتىپ قالغاندەك سۆزلەشكە قۇربى يەتمىدى.

— ئوغلۇم، دادىڭىزنى سۆيۈپ قويۇڭ! — كۆز قارچۇقلىرىدا نېپىز بىر قەۋەت ياش پەردىسى تارتىلغان ئايگۈل قولىدا پىلتىڭلاپ شىرخىۋاتقان بالىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ئېيتتى. ۋىلىقلاپ كۈلگەندە ئىككى دانە سەدەپتەك چىشى پاقىراپ كۆرۈنۈپ قالىدىغان ئۆركەش نىبەلەرنىدۇر دەپ گۈگۈلداۋاتاتتى. ئۇنىڭ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ تەلپۈنۈشى ئەكبەرنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرۈپ قەلبىدە تۇنجى قېتىم ئاتىلىق مېھرى - مۇھەببەت ئويغاتتى.

— ئوغلۇم، مېنىڭ جان - جىگەردىم، — دېدى ئۇ ئۆركەشنى مەھكەم قۇچاقلاپ. ئوغلىنىڭ ئىللىق ھىدى ۋە يۇمشاق مەڭزى ئۇنىڭ دىلىنى ئېرىتتى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى.

— تامىقىڭىز سوۋۇپ قالدى، بالىنى ماڭا بېرىڭ، — دېدى ئايگۈل مۇلايىم تەلەپپۇزدا.

ئەكبەر ئۆركەشنىڭ مەيدىسىدىن بېشىنى تەسلىكتە كۆتەردى ۋە تەتۈر قاراپ تۇرۇپ يېشىنى سۈرتىۋالدى.

— چۈچۈرىگە ئامراق ئىدىڭىز، — دېدى ئايگۈل بىرچىنە ھورى پۇرقىراپ چىقىپ تۇرغان ئاشنى ئەكبەرگە سۇنۇۋېتىپ، — بايىلا ئىشخانىلاردا ئىتىپ چىقتىم.

ئايگۈلنىڭ ئېيتقىنى راست، پىشىنە - كۆكلەر بىلەن ئۈستى بېزەلگەن، سۈيى خام قىيما، لازا - پەمىدۇرلار بىلەن قىزارتىپ تەييارلانغان چۈچۈرە ئەكبەرنىڭ ئېسىگە چۈشسە ئەتكۈزۈپ ئىچمەيدىغان كۈنى كەم بولمايدىغان. لېكىن بۈگۈن ئەكبەر بۇ ئاشنى گويا يىڭنە يۇتۇۋاتقان ئادەمدەك تولىمۇ قىينىلىپ ئىچتى.

— كىيىملىرىڭىزنىمۇ ئېلىپ كەلدىم، — دېدى ئايگۈل يوغان بىر بوپىنى ئەكبەرگە سۇنۇپ.

ئەكبەر بوپىنى ئىككى قوللاپ ئالدى. نېمىشقىدۇر قوللىرى تىترەيتتى. مانا ئۇنىڭ ھەمىشە كىيىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان كۆينەكلىرى، چاپان - شىملىرى، يېڭىدىن سېتىۋېلىنغان نەچچە قۇر ئىچ كىيىم...

راست، بىر چاغدا مۇنۇ سۇر چاپاننىڭ تۈگمىسى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ قېلىۋىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا تۈگمە قادىلىپتۇ، چىرايلىق دەزماللىنىپتۇ.

ئەكبەرنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆتەپ كۆيۈۋاتقان كۆكسىيدەك ئىچ - ئىچىدىن يېنىپ ئېچىشاتتى. پۇشايمان ئۇنىڭ قەلبىنى چىدىغۇسىز ئازابلايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆزىنىڭ نادانلىقى، ئايگۈل ئالدىدا ئۆتكۈزگەن ئېغىر گۇناھىغا نىسبەتەن نەپرەتلىنىدىغان، ئېچىنىدىغان بىر ھىس تۇغۇلدى.

كۆرۈشۈش ۋاقتى توشقان ئىدى. ئۇ كېتىۋاتقان ئايگۈلنىڭ ئارقىسىدىن ئۈن - تىنسىز تەلمۈرۈپ قاراپ تۇردى. ئايگۈل ئېرىق بويىدا توختاپ ئاخىرقى قېتىم كەينىگە قايرىلدى. ئەكبەر شۇ چاغدا، پەقەت شۇ چاغدىلا ھىجران ۋە جۇدالىقنىڭ چىدىغۇسىز ئازابلىرىنى ئېنىق ھىس قىلدى.

ئۇ ئايگۈلنىڭ بىر چاغلاردىكى «ئۆمۈر بويى سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسكە ئالدى.

ئەكبەرنىڭ كۆزلىرى ئىسسىق ياش بىلەن تولدى. ئۆزىنىڭ زادى مۇشۇنداق جازالىنىشى ھەق! ئۇ ئەندى ھاياتنىڭ بۇ جازاسىغا يۇۋاشلىق بىلەن تەن بېرىدۇ. ئۇ قانۇننىڭلا ئەمەس ئەشۇ ۋاپادار جۈپتىنىڭ ئالدىدىمۇ ئۆز گۇناھىنى بالدۇرراق يۇيۇپ، كەچۈرۈمىنى قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ!

# ناخشا تېكستلىرى

ئېزىز نىيازى

## سۆيۈملۈك شىنجاڭ

سۆيۈملۈك شىنجاڭ ئەي گۈزەل ئۆلكەم،
بەخت قۇياشى نۇر چاچتى ساڭا.
ياڭراپ قوينۇڭدا زەپەر ناخشىسى،
پارلاق كېلەچەك يۈز ئاچتى ساڭا.

تاغلىرىڭ تولا، تاشلىرى گۆھەر،
باغلىرىڭ تولا، مېۋىسى شېكەر.
تىيانشان باغرى كەڭ ئېتىز - يايلاق،
ھۆسنى گۈل - چىمەن، سۇلىرى كەۋسەر.

ھەر مىللەت خەلقى ئۇيۇلتاش سەندە،
باشلايدۇ ئالغا پارتىيە تۇغى.
مەرىپەت بىزگە سۇنماس گاڭ قانات.
يانار يۈرەكتە ئىستىقبال چوغى.

نەقرات:

سۆيۈملۈك شىنجاڭ كۈيلەيمىز سېنى،
زەپەر گۈلىگە پۈركەيمىز سېنى.

## يۇرتۇم

كومۇشرەڭ كۆنچى دەرياسى،
سۈزۈك ئاسمان بىلەن رەڭداش.
ئاقار ئۆركەش ياساپ تىنماي،
سۈيى شەرۋەت بىلەن ئوخشاش.

تۇتاش باغلار بىلەن باغلار،
كۆرۈپ زەپمۇ گۈزەل دەيسەن.
جاھانغا نەشپۈتى داڭلىق،
يېمەك شىرىن، ھەسەل دەيسەن.

ئېزىز كورلا - گۈزەل گۈلشەن،
گويا جەننەت كەبى كۆركەم.
بەخت نۇرىغا چۆمدۈردى،
ئانا يۇرتنى باھار-كۆكلەم.

نەقرات:

مېنىڭ يۇرتۇم گۈزەل شۇنچە.
قۇچاغى رەڭمۇ - رەڭ غۇنچە.

## كۈيلەيمەن ئۆمرۈم بويى

باھارنى گۈزەل دەيدۇ،
گۈل - غۇنچە ئېچىلغاچقا.
باھاردىن گۈزەل يۇرتۇم،
تاڭ نۇرى چېچىلغاچقا.

تاڭ نۇرى — بەخت نۇرى،
گۈللەندى تارىم بويى؛
بەختىيار زامانىمنى
كۈيلەيمەن ئۆمرۈم بويى.

## ياشنايدۇ ھايات تەردە

ھۇزۇر ئالىدۇ جانلار،
بۇلبۇل سايرىغان چاغدا.
خامان چەش بىلەن تولغاي،
ئەمگەك قايناغان چاغدا.

خوش پەسلى باھارىمدا.
بەختىم پارلىدى گۈزەل.
دىلدا شاتلىغىم تاشتى،
تىنماي ئېيتىمەن غەزەل.

ئېتىزغا سەھەر چىقسام،
گۈلدەك ئېچىلار كۆڭلۈم.
خوشال ئۆتىدۇتويدەك،
يېزام قوينىدا ئۆمرۈم.

نەقەرات:

ياشنايدۇ ھايات تەردە،
ئەمگەك قاينىغان يەردە.

## بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي

(راۋاپ قوشىقى)

### تەلئەت تۇردى

بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي،
يېرى مۇنبەت سۇغا باي.
مەشھۇر تاغ - دەرياسى،
يەر ئاستىدا ساپلا ماي.

ۋىلايەتلەر، ئوبلاستلار،
بىر - بىرىدىن گۈلچىراي.
خەلقى ئىشچان، ئوت يۈرەك،
خۇشخۇي چېھرى خۇددى ئاي.

ھۈنەر - سەنئەت كانىدۇر،
قەدىم قەشقەر دىيارى.
باردۇر ئۇندا يۈسۈپ ① ھەم،
بۈۋام مەھمۇت ② مازارى.

تەڭداشسىزدۇر ئۆلكىمىز،
شايى، ئەتلەس، گىلەمدە.
قايىل جاھان بازارى،
بۇ خوتەننىڭ دىگەندە.

سەل چاغلىماڭ قاقاس دەپ،
ياتقان چەكسىز تاغلىقنى.
بىسىپ ياتار قىزىلسۇ،
سانسىز چارۋا - بايلىقنى.

پولو دىسە، ماختىنىپ،
يىمەيدىغان كىشى يوق.
داڭلىق ئاقسۇ گۈرۈچى،
كۆزمىكى يا تېشى يوق.

كورلىدىكى نەشپۈتكە،
قەن سالغانمۇ ناۋاتمۇ؟
يېشىل بوستان بۇ يۇرتتا،
گۈلدەك ئۆتەر ھاياتمۇ.

خانتەڭرىدە ئولتۇرۇپ،
باقسام پۈتۈن جاھانغا.
ھېچ يەردىكى ئۈزۈمزار،
يەتمەيدىكەن تۇرپانغا.

---

① يۈسۈپ — يۈسۈپ خاس ھاجىپ.
② مەھمۇت — مەھمۇت قەشقەرى.

خەيردار كۆپ، قولمۇزنىڭ
قوغۇزىنى ساتقاندا.
ئۆلكەم تولگۇل ھەتتاكى،
بېيجىڭ، شاڭخەي، شياڭگاڭدا..

ھاراق شاھى «گۈچۈڭ» ① دۇر،
گۈچۈڭ دىگەن سانجىدا.
نامى «گۈرۈچ بۇلىقى»،
مىجەزىنىڭ ئەل ئاغزىدا.

بولدى كۆركەم چوڭ شەھەر،
ئۆتمۈشتىكى شەخەنزە.
چۆلنى بوستان ئەيلىگەن،
جەڭچى باللار خوخەنزە.

ئۈركەشلىدى دەريادەك،
قارامايىنىڭ نېفىتى.
ۋەتەن بويلاپ تارالدى،
ئۇنىڭ شانى - شۆھرىتى.

تاغلىرىدا ئالتاينىڭ،
داڭلىق ئالتۇن كانى بار.
بايلىقىدىن، جاھاندا،
«ئالتۇن ئالتاي» نامى بار.

تارباغاتاي ئېسىل جاي،
يايلار ئۇندا سېيىر، تاي...
يايلىقىدا ئاقماقتا،
سۈت، قىمىز ھەم سېرىق ماي.

بورتالا ئارشىڭى،
بىمارلارنىڭ شىپاسى.
راۋان شۇنچە قاتناشىمىز،
سەپەرنىڭ يوق جاپاسى.

خۇددى تۇزدەك ياسانغان،
گۈزەل ئىلى باغلىرى.
گۈل - چېچەكلەر دۇنياسى،
ئۇنىڭ كۆركەم تاغلىرى.

ئەي ئۈرۈمچى، جەننەتتەك
ئۆلكىمىزنىڭ كۆزىسەن.
بارچە مىللەت گۈل - چېچەك
ئاچقان باغنىڭ ئۆزىسەن.

قۇچىقىڭدا تانچىلاپ،
بىلىم يۇرتى ئېچىلدى.
ئۇندا مىڭلاپ ئىنژېنېر،
ئالىم، ئەدىپ... يېتىلدى.

* *

قوندى ئۆلكەم، مەڭگۈلۈك،
بەخت قۇشى بېشىڭغا.
قوشاق قاتتىم تەبرىكلەپ،
شانلىق ئوتتۇز يېشىڭغا.

سېغىناش سېنىڭ تەرىپىڭ،
مىڭلاپ ناخشا - داستانغا.
ئۆرلە، كامال تاپ شىنجاڭ،
قاراپ پارلاق نىشانغا.

## دېھقان ناخشىسى

ئابدۇللا ساۋۇت

كۈلۈپ بەختىم چېچەك ئاچتى،
سائادەتلىك گۈزەل تاڭدا.
يۈرەكتىن ئۇرغىدى ناخشام،
يېزام قويىنىدا - بوستاندا.

پېشانەمدىن تۆكۈپ ساپ تەر،
ئىشلەيمەن جاسارەتتە.
چېقىپ قەنتىمنى مېھنەتنىڭ،
ئۆتەر ئۆمرۈم سائادەتتە.

گۆھەر چەشتە خامان قىلدىم،
تايانغاچقا ئىلىم - پەنگە.
ھامان يۈكسەككە ئۆرلەيمەن،
قوشۇپ تۆھپە ۋەتەن ئەلگە.

① «گۈچۈڭ» — داڭلىق گۈچۈڭ ھارىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## ئىككى شېئىر

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا

# كۆچار سېپىلى

مەن تەگرى تېغىدىن ئۆتكەندە ھالقىپ،
كۆچارنىڭ ھىدلىرى تەگدى دىماققا.
ھاياجان ئىلكىدە سەۋرىم دېڭىزى،
ئۆرۈلدى دولقۇنلار ئېتىپ قىرغاققا.

ئەزىز يۇرت ھىجرانى ئۆرتىگەن مېنى،
جۈنۈننى داغلىغان مەشئۇم پىراقتەك.
ۋىسال تاقىتىدە كەتتىم تېپىرلاپ،
ئانىغا تەلپۈنگەن مەسۇم بوۋاقتەك.

يىراقتىن ئۆنلىدى گۈلدە ئولتۇرۇپ،
كۆچارنىڭ ناخشىچى داڭدار بۇلبۇلى.
تەلپۈندۈم،
ماشىنا گال كەلدى شۇ چاغ،
يەتكۈزدى مەنزىلگە سۆيگۈم دۇلدۇلى.

غېرىبنىڭ يۈرىگى كەتكەنمۇ ئېرىپ،
گۈل تۇتۇپ ئالدىغا چىققاندا سەنەم.
ئايلاندى بىر قۇياش تومۇرلىرىمدا،
مۇبارەك شەھەرگە قويغاندا قەدەم.

كېتىشتى باشقىلار باغلار ئارىلاپ،
باراقسان باغلارنى سەيلىگاھ بىلىپ.
مەن قالدىم خارابە سېپىل تۈۋىدە،
سېپىلنى ئۆزەمگە تاۋاپگاھ بىلىپ.

سىلكىنىپ پەر قاقتى خىيالىم قۇشى،
ئۆرلىدى ئەسىرلەر داۋانلىرىغا.
يەلپىدى تاغلارنى ئۇچۇپ بوراندەك،
يېتىشتى تارىخنىڭ كارۋانلىرىغا.

تاغدىنمۇ ھەيۋەتلىك سېپىل كۆرۈندى،
بىر بۈيۈك مىللەتنىڭ تىمسالى بولۇپ.
سېپىلنىڭ ئىچىدىن شۇنچە كەڭ ساما،
كۆرۈندى كۆچارنىڭ ئاسمانى بولۇپ،

پارلىدى سېپىلدىن قەدىمقى كۆچار،
نەسېپىل ئالدىدا بىر جاھاننامە.
ئۇ ماڭا ئۇنتۇلماس تارىخىي داستان،
قان بىلەن پۈتۈلگەن گۈزەل جەڭنامە.

پاسبان ئوغلانلار تۇرار سېپىلدا،
ئارسلاندەك سۈر بىلەن قالقان ئويىنىتىپ،
قىلىچىنىڭ بىسىدا ياندۇرسا چاقماق،
نەرىسى سىلكىتەر يەرنى ئويغىتىپ،

تىغ بىلەن ئۈزۈپ قەتىن تاڭلار يارتىپ،
ياشىغان كۆچار بۇ قانغا قان ئېلىپ.
كۈي بىلەن يۇلتۇزنى يەرگە قوندۇرۇپ،
تونۇلغان جەڭگاھتا جەڭدە داڭ ئېلىپ.

بۇ شۇنداق سېپىلكى، تارىختا گۇۋا،
خەلقنى ساقلىغان ئالاي خەتەردىن.
بۇ شۇنداق سېپىلكى، جەڭلەرگە شاھىت،
ئاسمانغا يۈكسەلگەن سانسىز زەپەردىن.

بۇ ئاددى تۇپراقتىن پۈتكەن تام ئەمەس،
بىلمەمەن، دەۋرىدگە تەۋەررۈك مىراس.
كونىراپ، ئىزلىرى ئۆچۈپتۇ ئەپسۇس،
ۋە لېكىن، كونىراپ ئۆچمەيدۇ قىساس.

ئىشەنگىن ئەي تارىخ،
تىگشەلگەن دۇنيا،
بۇ قەلئە ئىزلىرى كەتمەيدۇ ئۆچۈپ.
سېپىلدىن تۇرغان چاڭلار ئىپاردەك،
قونماقتا قەلبىمگە سېپىل بوپ كۆچۈپ.

گۈلزاردا يايرىسام بەختىيار دەمدە،
جەڭلەرنىڭ شىددىتى يادىمدا مېنىڭ.
بەختىمگە قېنىنى تېگىشكەنلەرنىڭ،
ھەر بىرى بىر سېپىل ئالدىمدا مېنىڭ.

## شائىرغا

ۋىجدانىنىڭ بايرىقى ئۆچمەس بولىدۇ،
ئۇ قېنىق،
ئۇ يارقىن،
ئۇ قانغا رەڭداش.
چىن شائىر تىلىمۇ ئاغماس بولىدۇ،
ئەمەس شاتۇتىغا ھەرگىز مۇقامداش.

## ئاتۇش ئۇسۇلى

مۇختار خېلىل

ئەجدادلىرىمىدىن قالغان مىراس بۇ،
شانۇ - شاۋكەتلىك ئاتۇش ئۇسسۇلى.
ئەشۇ ئۇسسۇلدا تۇرىدۇ چاقناپ،
ئاتۇش خەلقىنىڭ مەرتلىك سىمۋولى.

شوخ، شوخ چېلىنىپ ئاتۇش پەدىسى،
كىشى كۆڭلىنى قىلىدۇ مايىل.
ئاتۇش قىزلىرى ئۇسسۇل ئوينىسا،
كەڭ جاھان ئەھلى بولىدۇ قايىل.

تال - تال چاچلىرى ياراشقان شۇنداق،
ھۆر پەرىدىنمۇ ئۆز ئىكەن دەيسەن.
«پىر - پىر ...» ئايلىنىپ يېيىلسا كۆينەك،
گويا قاناتلىق تۇز ئىكەن دەيسەن.

شۇ شوخ پەدىگە ئۇررۇلسا زەخمەك،
مەيلىگدە بولماس پۈت، قولۇڭ ۋە دول...
ئۇسسۇلغا چۈشەر كۆكرەكنى كېرىپ،
بۇغرا! ئەۋلادى - مەردانە ئوغۇل.

ئۇسسۇل ئوينىشى تېتىك ھەم خۇشخۇي،
ھەركىدىم باغلانغان پۈتا - بەلۋېغى.
نەپىس دوپپىدا ئەكس ئېتىدۇ
ئانا ئاتۇشنىڭ ئەنجۈرلۈك بېغى.

دەيمەن زوق بىلەن ئاتۇش ئۇسسۇلى،
گۈلتاجى خۇشال كۈيىنىڭ - نەزمىنىڭ
زەبەر دەست خەلقىم تەييارلىغىدا،
ئەتىكى تويىنىڭ - ئۇلۇغ بەزمىنىڭ

## مۇقام ئىشقى

سادىر سادىرى

بارغىنىمدا دولانغا،
مۇنداق دېدىم بوۋامغا:
«قولغا ئېلىپ ساتارنى،
چېلىپ بەرگىن مۇقامغا.

پەرزەنتىڭمەن، تانمايمەن،
مۇقام ئاڭلاپ قانمايمەن.
سەندىن مۇقام ئۆگەنمەي،
ئىرادەمدىن يانمايمەن.»

جاۋابەن دېدى بۇۋام:
«ئادىرىغا قېدىن جان بالام.
ۋارىسى بول مۇقامنىڭ،
كۆڭلۈمنى تاپسۇن ئارام.

كېلىپ قالدىم تۇرقسانغا،
ئۆتتۈم ئەمدى يوق سانغا.
چىڭ تۇتمىساڭ پۇرسەتنى،
قالىسەن پۇشايمانغا.

ئىز باسارىم بولسا دەپ،
ئەقىل - هوشتا تولسا دەپ،
كۈتكەن ئىدىم، مەن سېنى
تەلۋدنى قويسا دەپ.

كەلگەندە بۇ ياشىمغا،
كەلدىڭ مانا قېشىمغا.
بەل باغلاپسەن، ۋارىسلىق
قىلماق ئۈچۈن ئىشىمغا.

ئۆگەن ئوغلۇم، ئۆگەنتەي،
ئىخلاس بىلەن بىلدۈرەي.
بۇ گۆھەرنى — مۇقامنى،
ساڭا قالدۇرۇپ كېتەي.

مۇقام گويا بۇلاقتۇر،
ئۇرغىپ ئاققان سۈزۈلۈپ.
ئېچىشىدۇ يۈرىگىم،
قالسا مۇقام ئۈزۈلۈپ.»

رەھمەت دېدىم بۇۋامغا،
بۇۋام قاقتى دولامغا.
ئۈزۈلمەسكە دىل رىشتىم،
چىڭ باغلاندى مۇقامغا.

بۇۋا يۈرەك تىلىگىڭ،
يالقۇن ئىكەن يۈرىگىڭ.
كۆڭلۈم گۈلشەنلىرىدە،
گۈلەر ئۈمىت چېچىكىڭ.

# ئۇستازىم

ئاۋۇت ساۋۇت

خەلققە جان پىدا ئوغلان ياشايدۇ، نامى ئۆلمەيدۇ،
كىمكى ئەلدىن ئايرىلسا مۇرادى ئەسلا كۈلمەيدۇ.

ئۇلۇغ خەلقىم يېتىشتۈرگەن باھادىر جەڭچى ئوغلانمەن،
ئاڭا مېھرىم يۈرەگىمدە لاۋۇلداپ مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

ئۆگەتتى خەلق بولۇپ ئۇستاز ماڭا مەرتلىك، ۋاپادارلىق،
ئۇنىڭ بەختى ئۈچۈن قولدىن قورالىم ئەسلا چۈشمەيدۇ.

ئۆمۈرلۈك چىن ئەقىدەمدىن بۈيۈك خەلقىم رىزا بولسا،
گۈزەل مەزمۇن بىلەن ئۆمرۈم چېچەكلەپ مەڭگۈ گۈللەيدۇ.

## ئىككى شېئىر

يۇسۇپ كېرىم

### يارىمغا

ئامرىقىم شانلىق سەپەردە مەن ساڭا سەپداش بولاي،
چىن مۇھەببەت، پاك ئەقىدەمدە ئەبەت سىرداش بولاي.

ئول سەپەردە بىزنى چىللايدۇ ئىجات - ئەمگەك ھامان،
كەشپىيات قاينامىدا ئۈزسەك جەسۇر قولداش بولاي.

يول ئۇزۇن، ئىقبال گۈزەلدۇر، ئات سالايلى كەل نىگارە
چىن ھاياتنىڭ بەيگىسىدە بىر ئۆمۈر يولداش بولاي.

### يىللار

كەڭ ئاسمان ئاچقاندا زۇمرەت يۈزىنى،
بۇلاقلار سۈرەتكە تارتىدۇ ئۇنى.
يۇلتۇزلار شۇ ئاسمان گۈمبىزى ئارا،
چاچىدۇ بۇلاقتىن نۇرلار ئۇچقۇنى.

يىللار مۇقەددەس!
مۇقەددەس بىراق،
كەلمەيدۇ كەتكىنى كەينىگە يېنىپ.
تارىختىن ئەكسىنى تاپىدۇ يىللار،
يۇلتۇزلار بۇلاقتىن يانغاندەك يېنىپ.

بۇلاقلار قۇرۇيدۇ،
ئۆچمەيدۇ لېكىن،
تارىختىن مەڭگۈگە يىللارنىڭ ئىزى.
ئىنسانلار ياراتقان مۆجىزە - ئۇتۇق،
بېرىپ قالار يىللارنىڭ ئۇنۋان ئىزنىگى.

ئىنسانلار تېنىمسىز ئۆرلەيدۇ ئالغا،
بەسلىشىپ يىللارنىڭ يورغىسى بىلەن.
گۈللەيدۇ زامانىمىز، كۈلىدۇ ھايات،
قولى گۈل مەرتلەرنىڭ تۆھپىسى بىلەن.

### جاۋاپ

تۇرسۇن ئابدۇقادىر

دىدى دوستۇم كېلىپ يېنىمغا:
«ئەسەرلىرىڭ نىمانچە قىسقا.
ئەمدى قويۇپ قىسقا يېزىشنى،
تۇتۇش قىلغىن يوغانراق ئىشقا.»

مەن دىدىمكى: بىرداس ئۇماچتىن،
پايدىسى چوڭ ئازراق ھەسەلنىڭ.
رەزىنكىدەك داستانلىرىڭدىن،
قىممىتى چوڭ قىسقا مەسەلنىڭ!




(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادىل پادىشا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز دەۋلەتلىك بىر سادىق ۋەزىرى بار ئىكەن. گەرچە ئۇلارنىڭ بىرى پادىشا، بىرى ۋەزىر بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بىر - بىرىگە ئامراق، سىرداش، جان - جىگەر دوست ئىكەن. بىر - بىرىنى چىن دىل بىلەن قوللايدىكەن، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئېلى ئاۋاتلىشىپ، پۇقرا روناق تېپىپتۇ. پۇقرالار بۇ پادىشا بىلەن ۋەزىردىن رازى ئىكەن. پادىشا بىلەن ۋەزىر ئادىللىق بىلەن خېلى بىر مەزگىل دەۋران سۈرۈپتۇ. پادىشانىڭ ئەل ۋە پۇقرادىن كۆڭلى توق، ۋاقتى شوق ئىكەن، ئەمما ۋەزىر كۈندۈزلىرى ئوردىدا خوشال - خورام يۈرگىنى بىلەن ئۆيىدە ئۇزۇن كېچىلەرنى غەم بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن، چۈنكى ۋەزىرنىڭ ساقىلى كۆكسىگە چۈشۈپ، چاچلىرىغا ئاق كىرگەن بولسىمۇ پەرزەنتى يوق ئىكەن. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ساددە، ئاقكۆڭۈل ئايال ئىكەن. ئۇ كۆپ قېتىم ۋەزىرنى يەنە بىر خوتۇن ئېلىشقا، بالا يۈزى كۆرۈشكە دەۋەت قىپتۇ. لېكىن ۋەزىر ئۇنىماپتۇ. ۋەزىرنى كۈندۈرەلمىگەن خوتۇن نۇرغۇن سەدىقىلەرنى قىپتۇ. ھەر كۈنى بەش ۋاخ نامىزىدا خۇدادىن پەرزەنت تىلەپتۇ. كۈنلەر ئارقىسىدىن كۈنلەر، ئايلار ئارقىسىدىن ئايلار ئۆتۈپ ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ھامىلدار بولۇپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ۋەزىر ئىنتايىن خوشال بولۇپتۇ. ئۇنىڭ خوتۇنىغا بولغان مېھرى - مۇھەببىتى ھەسسىلەپ ئېشىپتۇ. لېكىن، بەختكە قارشى ئۇزۇن ئۆتمەي ۋەزىر كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. پادىشا قەدىردان دوستى ۋە سادىق ۋەزىرىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇرۇپتۇ ۋە ھەر كۈنى دىگىدەك يوقلاپ تۇرۇپتۇ. نۇرغۇن ھەكىم - تېۋىپلەرنى تەكلىپ قىلىپتۇ. كۆزى كۆرگەن، قولىقى ئاڭلىغان ئامال - چارىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ ۋەزىرنى داۋالىتىپتۇ. ئەمما داۋالاشنىڭ شىپاسى بولماپتۇ، ۋەزىرنىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپتۇ. ۋەزىر ئۆزىنىڭ ساقىيالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ خوتۇنىغا:

— بالىخانىدا بىر كونا ساندۇق بار. ئۇ ساندۇقتا بوۋامدىن مىراس قالغان ئۇزۇنلۇقى بىر غېرىچ كېلىدىغان بىر قىلىچ بار. بۇ خاسىيەتلىك قىلىچ. قىلىچنى بىر سىلكىسە قىرىق گەز ئۇزىرايدۇ. ئىككى سىلكىسە سەكسەن گەز ئۇزىرايدۇ. بۇ قىلىچنى كىمدە كىم ئاسسا، ئاسقان ۋاقتىدىن باشلاپ شۇ كىشىنىڭ جېنى قىلىچقا ئۆتۈپ كېتىدۇ. قىلىچ شۇ كىشىدىن ئايرىلسا ئۇ كىشىمۇ جېنىدىن ئايرىلىدۇ. ئەگەر پەرزەنتىمىز ئوغۇل تۇغۇلسا «ئۆمەر» دەپ ئات قويۇڭ، ئەقلى ھوشلۇق بولۇپ ئۆسسە، بالاغەتكە

يېتىپ، كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغاندا قىلىچنى بېرىڭ. ئەگەر قىز بولسا ئەھۋالغا قاراپ بىر ئىش قىلىڭ. مەن بالىمىزنى كۆرەلمەيدىغان ئوخشايمەن. بالىنى ئوبدان ئوقۇتۇپ، بىلىملىك، ئەقىللىق باتۇر قىلىپ تەربىيىلەڭ. يېتىشەلمىگەندە پادىشادىن ياردەم سوراڭ، — دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ ۋە تاڭ ئاتاردا ئاخىرەتكە يول ئاپتۇ.

ۋەزىرنىڭ خوتۇنى يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ۋەزىرنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تاپقان پادىشا ئوردىدىكى چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلىرىنى باشلاپ يېتىپ كەپتۇ. شەھەردىكى ئەل - جامائەتمۇ يىغلاپ، پادىشانىڭ باشلامچىلىقىدا مېيىتنى ئۇزىتىپتۇ.

پادىشا ئوردىغا قايتار ۋاقتىدا ۋەزىرنىڭ خوتۇنىغا سەۋرى قىلىشنى، ئارتۇقچە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىنى، ئۆزىنى زىيادە چىقىلدۇرۇپ قويسا قوساقتىكى بالىغا زىيان يېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تەسەللى بېرىپتۇ. ۋەزىرنىڭ نەزىر چىراقلىرىنى ئۆزى باش بولۇپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مىڭ تەللا قالدۇرۇپتۇ.

پادىشا ۋەدىسىدە تۇرۇپ، ۋەزىرنىڭ نەزىر - چىراقلىرىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كەڭ كۈشادە ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن پۈتۈن شەھەر خەلقى رازى بولۇپتۇ.

ۋەزىر ئالەمدىن ئۆتۈپ، قىرىق بىر كۈن بولغاندا، تاڭ سەھەردە ۋەزىرنىڭ خوتۇنىنىڭ كۆزى يورۇپ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بۇ خۇشخەۋەر ئوردىغا يېتىپ بارغاندا پادىشا خۇشال بولۇپ مىڭ تەللا بىلەن بىر ئالتۇن بۆشۈك ئەۋەتىپ بېرىشكە ئەمر قىپتۇ.

ۋەزىرنىڭ خوتۇنى مەھەللە مەسچىتىدىكى مەزىننى چاقىرتىپ كېلىپ، ئادەت بويىچە تەكبىر ئېيتقۇزۇپ ئەزان توۋلىتىپ، ۋەزىرنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن بالىغا «ئۆمەر» دەپ ئات قويۇپتۇ. بۆشۈك تويى ئۆتكۈزۈپ، پادىشا ئەۋەتكەن ئالتۇن بۆشۈككە بۆلەپتۇ.

بۇ بالىدا بىر خىل خاسىيەت بولۇپ، كۈنلەپ ئەمەس، سائەتلەپ چوڭ بولۇپتۇ. ئۈچ ياشقا كىرگەندە يەتتە - سەككىز ياشلىق بالىدەك ئەقىل، قەددى - قامەتكە توشۇپتۇ. ئۆمەر يەتتە ياشقا كىرگەندە ئانىسى ئۇنى مەكتەپكە بېرىپتۇ. ئۇ بارلىق بىلىمنى تولۇق ئۆگىنىپتۇ. ئۇ ناھايىتى قاۋۇل، چىرايلىق بىر يىگىت بولۇپتۇ. ھەر قانداق كىشى كۆرسە «پەرىزات ئەۋلادى» دەپ قالىدىكەن. ھەر قانداق قىز كۆرسە ئۆزىنى يوقىتىپ، مەيلىنى بېرىپ قويىدىكەن.

ئۆمەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە باغنى ئارىلاپ تاماشا قىلىپ يۈرۈپ كېتىپتۇ - دە، بۇرۇن دادىسى دائىم ھاردۇق چىقىرىدىغان شىپاڭدىكى سۇپىدا يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئۇ ئۆزى يالغۇز بىر سۇپىدا ئاسمانغا قاراپ ياتارمىش. بىر چاغدا بىر پەرىزات ئاسماندىن پەسلەپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. پەرىزاتنى كۆرۈپ ئاشىق بىقارار بولغان ئۆمەر ئۇنىڭ كەينىدىن ئىشقىنى ئىزھار قىلىپ يۈگۈرۈپتۇ. پەرىزات توختاپ: «مەنمۇ سېنى چۈشۈمدە كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ ئىزلەپ چىققان ئىدىم. قارىسام مۇشۇ شىپاڭدا ئۇخلاپ يېتىپسەن. ئەگەر سەن ماڭا ھەقىقىي ئاشىق بولساڭ كۈن چىقىشقا قاراپ مېڭىۋەرسەڭ مېنى تاپىسەن» دەپتۇ - دە، ئىگىزلەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۆمەر ئېسىنى يىغىپ: «توختاڭ، باققا چۈشۈپ، مەن بىلەن تاماشا قىلىپ كېتىڭ» دەپ ۋاقىراپ، چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇندىن ئېتىۋارەن ئىشىق دەردىگە مۇپتىلا بولۇپتۇ. گېلىدىن غىزا ئۆتمەي، مەيدىسىنى زەي يەرگە چاپلاپ يېتىپ چىرايى سارغىيىشقا باشلاپتۇ.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشا تەختىدە ئولتۇرۇپ سابىق ۋەزىرىنى ئەسلەپ قاپتۇ ۋە مەرھۇم

ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ۋە بالىسىنى ئوردىغا باشلاپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ۋەزىرنىڭ خوتۇنى بىلەن ئۆمەر ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ. پادىشا تەختتىن چۈشۈپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. پادىشا يەتتە ياشلىق ئۆمەرنىڭ چوڭ يىگىت بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئەجەبلىنىپتۇ. پادىشا ئۆمەرنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، بالىنىڭ چىرايىدىكى سېرىقلىقىنى كۆرۈپ تەئەججۈپلىنىپتۇ ۋە ئوردا تەۋىپىغا كۆرسىتىپتۇ. تەۋىپ ئۆمەرنىڭ كېسەللىكىنى تاپالماي:

— زېرىكىپ، ئىچى پۇشۇپ سولىشىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، — دەپتۇ.

پادىشا تەۋىپنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ياخشى ئارغىماق، قىلىچ، ئوقيا، نەيزە، قالقان ۋە تۆت دانە ئالتۇندىن سوقۇلغان ساقا ئەكەلدۈرۈپ بالىغا ئىنئام قىپتۇ. ۋەزىرنىڭ خوتۇنىغا مىڭ تىللا بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئۆمەر دەردىنى بېسىشنىڭ ئىلاجىنى قىلالماي، بىر دەمدە ئوردىغا چىقسا، بىر دەمدە كوچىدا ساقىنى دومىلىتىپ ئويناپتۇ. بىر كۈنى ئۇ كوچىدا خىيال سۈرۈپ كېتىۋېتىپ ساقىنى دومىلىتىۋېتىپتۇ. ساقا دومىلاپ بېرىپ، يىپ ئىگىرىۋاتقان مومايىنىڭ چاقىغا تېگىپتۇ. ئۆمەر بۇنى كۆرۈپ قاتتىق خىجىل بولۇپ مومايدىن ئەپۇ سوراپتۇ، مومايىنىڭ ئاچچىقى يامان ئىكەن. ئۇ ئەپۇنى ئىلمەك ئالماي:

— ھوي دادىسى يوق يېتىمەك، شۇ بويۇڭ بىلەن كوچىدا ساقا ئويناپ يۈرگىچە، بېرىپ مەشۇقىڭنى تاپساڭ بولمامدۇ؟ — دەپ كايىپتۇ.

ئۆمەر «مېنىڭ مەشۇقۇمنى، مېنىڭ ئاشىقلىقىمنى قانداق بىلىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ:

— موما، مەشۇقۇمنى قانداق تاپىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئالدى بىلەن ئۆيۈڭگە بېرىپ ئاناڭغا قوماچ قورۇت. ئۆزەڭ ئۆگزىگە چىقىۋال. قوماچ راسا قورۇلغاندا، — دەپتۇ موماي، — «ئانا، قوماچنى ئوچۇمۇڭ بىلەن تۆگۈلۈكتىن سۇنۇپ بەر» دەپ تۇرۇۋال. ئۇنىمىسا، سەنمۇ ئۇنىما. ئاناڭ ئاخىرى ماقۇل بولىدۇ. قوماچنى ئوچۇمى بىلەن سۇنغان ھامانلا، ئاناڭنىڭ قولىنى تۇتۇۋال ھەم: «دادامدىن ماڭا نېمە قالغان؟» دەپ سوراپ تۇرۇۋال، دەپ بەرمىگىچە قويۇپ بەرمە، دەپ بەرگەندىن كېيىن دەرھال كۈن چىقىشقا قاراپ ئاتلان.

ئۆمەر مومايغا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، تۆت دانە ئالتۇن ساقىسىنى مومايغا بېرىپتۇ — دە، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ مومايىنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇنلاپ، قوماچ قورۇلغاندا:

— ئانا، قوماچنى ئوچۇمۇڭ بىلەن تۆگۈلۈكتىن سۇنۇپ بەر! — دەپتۇ.

ئۇنىڭ ئانىسى قوماچنى ئوچۇمدا ئېلىپ تۆگۈلۈكتىن سۇنۇپتۇ. ئۆمەر ئانىسىنىڭ قولىنى كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ:

— ئانا، دادامدىن ماڭا نېمە قالغان؟ — دەپ سوراپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئانىسى قولى كۆيۈپ كەتكەنلىكتىن نائىلاج:

— بالىخانىدىكى كونا ساندۇقنىڭ ئىچىدە بىرغېرىچ ئۇزۇنلۇقتا بىر قىلىچ بار. داداڭدىن ساڭا ئاشۇ قىلىچ قالغان، — دەپتۇ.

ئۆمەر بالىخانىغا چىقىپ كونا ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچسا كۈمۈش غىلاپلىق، ئالتۇن ساپلىق بىر غېرىچ كەلگىدەك بىر قىلىچ تۇرغىدەك. بۇنى كۆرۈپ ئۆمەر: «بۇنى قانداقمۇ قىلىچ دېگىلى بولسۇن؟ بۇ بىر پىچاقكەنغۇ» دەپ ئويلاپتۇدە، كۆڭلى غەش بوپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە: «بۇنى

قىلىچ دەپ ئاتاشتا بىر سىر بولسا كېرەك، ئانامدىن سوراي» دەپ تۇرۇشىغا ئانىسى بالىخانىدا چىقىپ:

— بالام، سەن كىچىك، بۇ قىلىچنى بېلىڭگە ئاسما، — دەپ يىغلىۋېتىپتۇ. ئۆمەر بۇ گەپتىن تېخىمۇ ئەجەپلىنىپ:

— ئانا، بۇ پىچاقنىڭ نېمە خاسىيىتى بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— داداڭنىڭ دېيىشىچە، بۇ قىلىچنىڭ ئىككى تۈرلۈك خاسىيىتى بار ئىكەن، بىرى، بۇ قىلىچنى كىم ئاسسا، ئاسقان ۋاقىتتىن باشلاپ شۇ كىشىنىڭ جېنى بۇ قىلىچقا ئۆتۈپ كېتىدىكەن. يەنە بىرسى، بۇ قىلىچ ھەر بىر سىلكىنسە قىرىق گەز ئۇزىرايدىكەن. شۇڭا سەن بۇ قىلىچنى ھازىر ئاسساڭ بولمايدۇ. ئەگەر بالام، ساندۇقتا سېلىپ قوياي، بۇ قىلىچ ھامان سېنىڭكى، چوڭ بولغاندا بېرەي، — دەپتۇ ئۆمەرنىڭ ئانىسى.

بۇ گەپ ئۆمەرنىڭ قۇلىقىغا كىرمەپتۇ. قىلىچنى يېنىغا ئېسىپ، غىلاپتىن چىقىرىپ بىر سىلكىگەن ئىكەن قىرىق گەز ئۇزىراپتۇ. ئۆمەر قالتىس خۇش بوپتۇ. ئۇ قىلىچنى غىلاپىغا سېلىپ ئانىسىغا:

— بۇ قىلىچنى ئاسقىنىم ئاستان، مېنىڭ ئىسمىم بۈگۈندىن ئېتىبارەن «قىلىچ ئۆمەر». مەن ئەتە يىراق سەپەرگە ئاتلىنىمەن. مېنىڭ سەپەردىكى يېمەك - ئىچمەكلىرىمنى تەييارلاپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ئوغلىنى رايىدىن ياندۇرالماي، ئامالسىز ئوغلىنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇنلاشقا كىرىشىپتۇ.

قىلىچ ئۆمەر ئەتىسى ئەتىگەندە ئانىسى تەييارلاپ بەرگەن بىر خۇرجۇن نان بىلەن ئىككى تۇلۇمدىكى سۇنى پادىشا سوۋغا قىلغان ئارغىماققا ئارتىپ، قورال-ياراقلىرىنى ئېسىپ، ئانىسىنىڭ «خۇش بالام، سالامەت قايتىپ كەلگەيسەن، سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم» دېگەن دۇئالىرىنى ئاڭلاپ، ئارغىماققا قامچا سېلىپتۇ-دە، سەپەرگە يۈرۈپ كېتىپتۇ.

قىلىچ ئۆمەر يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ بىر چۆلگە كىرىپ قاپتۇ. چۆلدىمۇ بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپتۇ. ئەمما چېتىگە چىقالماپتۇ. ئۇنىڭ ئېتى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر خۇرجۇن - قاچىلىرىنى يۈدۈپ داۋاملىق يول يۈرۈپتۇ. نانلىرى تۈگەپ سۇيىمۇ ئاز قاپتۇ. ئۇ بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسا يىراقتا بىرنېمە ئاپپاق پاقىراپ كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ: «بەلكىم سۇ بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، قەدىمىنى تېزلىتىپ، پاقىرىغان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. بىرھازادىن كېيىن يېتىپ بېرىپ قارىسا پاقىرىغىنى بىر شورلۇق دۆڭ ئىكەن. دۆڭ تۈۋىدە بىر يىگىت ھوشسىزلىنىپ ياتقان ئىكەن. قىلىچ ئۆمەر ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ يۈرىكىنى سىلاپ باقسا، بىلىنەر-بىلىنمەس سوقۇۋاتقان ئىكەن، ئۇ دەرھاللا يىگىتنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتىپتۇ. يىگىت ئاستا - ئاستا ھوشىغا كېلىپ، كۆزىنى ئېچىپتۇ. ئۇلار بىر-بىرىدىن ھال - ئەھۋال سورىشىپتۇ، مۇڭدىشىپتۇ. ئۇ يىگىت قىلىچ ئۆمەردىن خېلىلا چوڭ ئىكەن. ئۇلار قەسەم قىلىشىپ ئاكا-ئۇكا بولۇشۇپ، بىرلىكتە شەرققە قاراپ يولىنى داۋام قىپتۇ. يول ئۈستىدە قىلىچ ئۆمەر ئاكىسىغا قورالۋازلىقنى ۋە يۇلتۇز ساناشنى ئۆگىتىپ، ئۆزىنىڭ ۋە ئاكىسىنىڭ يۇلتۇزىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار يول ئۈستىدە يەنە بىر ھوشسىز ياتقان يىگىتنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇنىمۇ ھوشىغا كەلتۈرۈپ مۇڭدىشىپتۇ. ئۇنىمۇ «ئاكا - ئۇكا بولايلى» دەپتۇ. ئۇنىڭ يېشىنى سۈرۈشتە قىلغان ئىكەن. ئۇنىڭ يېشى ئوتتۇرانچى ئاكا بولۇشقا توغرا كەپتۇ.

ئۇلار يەنە قانچە كۈنلەپ يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا شەھەر خەلقى ماتەم كىيىمىنى كىيىپ يىغا - زارە قىلىشىۋاتقىدەك. ئۇلار شەھەرنىڭ چەتىرەكىدىكى بىر ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۆيدە بىر موماي بار ئىكەن. ئۇلار مومايغا سالام بېرىپتۇ، موماي:

— سىلەر مۇساپىر ئوخشايسىلەر، — دەپتۇ ۋە تۆرگە باشلاپ چاي بېرىپتۇ. ئۇلار چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ مومايدىن شەھەردىكى يىغا - زارنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— بۇندىن قىرىق يىل ئىلگىرى شەھىرىمىزگە بىر ئەجدىھار پەيدا بولۇپ قالغان. ئۇ خەلقنى دەم تارتىپ يەگىلى تۇردى، پادىشاھىمىز نۇرغۇن لەشكەر بىلەن چىقىپ ئەجدىھارنى يوقاتماقچى بولدى. ئەمما ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدى. پادىشا خەلقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يالۋۇردى. ئەجدىھار: «ھەر قىرىق كۈندە بىر قوي بىلەن بويىغا يەتكەن بىر قىزنى تاققا ئەۋەتىپ تۇرساڭ شەھەرگە كىرمەيمەن» دەپ ۋەدە قىلدى. پادىشامىز، خەلقىمىز ئامالسىزلىقتا بۇنىڭغا كۆندى. قىرىق يىلدىن بۇيان نۇرغۇن قىز ئەجدىھارغا يەم بولۇپ كەتتى. بۈگۈن نۆۋەت پادىشانىڭ يالغۇز قىزىغا كەلگەن. مەلىكىمىز ئاي دېسە ئاغزى، كۈن دېسە كۆزى بار تەڭداشسىز گۈزەل قىز ئىدى. خەلق شۇنىڭغا يىغلايدۇ، — دەپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ موماي. قىلىچ ئۆمەر:

— مەن ئۇ ئەجدىھارنى ئۆلتۈرىمەن، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

— ھاي بالام، نادانلىق قىلما! — دەپتۇ موماي، — ساڭا ئوخشاش نى - نى پالۋانلار ئەجدىھار بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنىڭغا يەم بولۇپ كەتكەن. سەنمۇ ياش جېنىڭنى نابۇت قىلما!

قىلىچ ئۆمەر:

— خاتىرجەم بولسىلا، موما! — دەپتۇ - دە، تاققا قاراپ يول ئاپتۇ.

ئۇ تاغ باغرىغا بېرىپ قارىسا، بىر ئەجدىھار ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇ تاغلار بىلەن بەسلەشكەندەك ئولتۇرغىدەك. يېنىمۇ يېقىنراق بېرىپ قارىسا بىر قىز بىر قوينى تۇتۇپ يىغلاپ ئولتۇرغىدەك، قىلىچ ئۆمەر قىزنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— مەن ئەجدىھارنى ئۆلتۈرۈپ سىزنى ۋە شەھەر خەلقىنى قۇتقۇزۇشقا كەلدىم، — دەپتۇ. قىز يىگىتنىڭ گۈزەل ھۆسنى - جامالىغا قاراپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ - دە:

— بۇ ئۆلۈم مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ. سىز قايتىڭ! — دەپتۇ. قىلىچ ئۆمەر ئۇنىماپتۇ ۋە:

— كېلىڭ، ئىككىمىز كىيىملىرىمىزنى ئالماشتۇرايلى، — دەپ كىيىملىرىنى قىزغا بېرىپ، قىزنىڭ كىيىملىرىنى ئۆزى كىيىپتۇ. ئۇ قىزدىن ئەجدىھارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپتۇ.

— ئەجدىھار ھەر قېتىم بىر قىز بىلەن بىر قوينى يېگەندىن كېيىن قىرىق كېچە - كۈندۈز ئۇخلايدۇ. ئويغانغاندىن چاغدا ئۈچ قېتىم سىلكىنىدۇ. ھازىر بىر قېتىم سىلكىنىپ بولدى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتا بىر سىلكىنىدۇ، — دەپتۇ قىز.

— مەن يىراقتىن كەلدىم، — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر، — شۇڭا بەك ھېرىپ كەتتىم. تىزىڭىزغا باش قويۇپ كۆزۈمنى كىچىككىنە يۇمۇۋالاي. ئەجدىھار ئىككىنچى قېتىم سىلكىنىپ بولغاندا مېنى ئويغىتىپ قويۇڭ.

قىلىچ ئۆمەر شۇنداق دەپلا قىزنىڭ تىزىغا باش قويۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتۈپ ئەجدىھار سىلكىنىپتۇ. قىز قورقۇنچلۇقتا تىزىغا باش قويۇپ

ياتقان يىگىتنىمۇ ئۆلتۈرۈپ ئون گۈلىنىڭ بىرىنىمۇ ئېچەلمەي، ياش ئۆمرىنىڭ خازاڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يىغلاپ كېتىپتۇ. قىزنىڭ بىر تامچە يېشى قىلىچ ئۆمەرنىڭ يۈزىگە چۈشۈپتۇ. قىلىچ ئۆمەر چۆچۈپ ئويغىنىپ قارىسا قىز يىغلاۋاتقان. قىلىچ ئۆمەر سوراپتۇ:

— ئەجدىھار سىلكىندىمۇ؟

— سىلكىندى، — دەپتۇ قىز.

— ئۇنداقتا سىز قورىنى ئېلىپ تاغدىن چۈشۈپ كېتىڭ، مەن بۇ ئىپلاسنىڭ جاجىسىنى بېرەي، — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر ۋە قىزنى تاغدىن چۈشۈرۈۋېتىپتۇ، قىز «نېمە ئىش بولاركىن؟» دەپ بىر قۇرام تاشنىڭ دالدىسىدا ماراپ تۇرۇپتۇ.

قىلىچ ئۆمەر خاسىيەتلىك قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ ئۈچ قېتىم سىلكىپ بىر يۈز يىگىرمە گەز ئۇزارتىپتۇ - دە، قورسىقىغا مەھكەم قىلىپ تىقىپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ئەجدىھار ئۈچىنچى قېتىم سىلكىنىپ ئويغىنىپتۇ. ئۇ قارىسا ئالدىدا قىزچە ياسانغان، قىلىچ تۇتقان بىرسى تۇرغىدەك، ئەجدىھار قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ھەي يىگىت، قىزبالىنىڭ كىيىمىنى كىيىۋاپسەن. مەن بۇنىڭدىن قىرىق يىل بۇرۇن سېنى چۈشۈمدە كۆرۈپ، سەن بىلەن جەڭ قىلماقنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتىم. بۈگۈن ئۆزەڭ كەپسەن. مەن بىلەن ئېلىشىشقا رازىمۇسەن؟ — دەپتۇ.

— مەن سەن بىلەن جەڭ قىلىشقىلى كەلدىم، — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ئەجدىھار، — سەن ئۈستۈڭدىكى قىزبالىنىڭ كىيىملىرىنى سېلىۋەت. ئۆلسەممۇ ئوغۇل بالىنىڭ قولىدا ئۆلەي. سەن ئۆلسەڭمۇ ئوغۇل بالىدەك ئۆل.

— سېنىڭ مۇددىئايىڭ شۇ بولسا، مانا سېلىۋەتتىم، — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر ۋە قىزنىڭ كىيىمىنى سېلىپ تاشلاپ جەڭگە تەييارلىنىپتۇ.

ئەجدىھار ئاغزىنى يوغان ئېچىپ قىلىچ ئۆمەرنى دەم تارتىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر مىدىرلىماي قېتىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىم تۈگۈلۈپ تۇرۇپ كۈچەپ دەم تارتىپتۇ. ئەمما ئۇ كۆزىنى ئېچىپ قارىسا قىلىچ ئۆمەر مىدىر - سىدىر قىلماي تىك تۇرغىدەك، ئەجدىھار دەرغەزەپ بولۇپ كۈچىنىڭ بېرىچە دەم تارتىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر دەل مانا مۇشۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن، ئۇ ئۆزىنى قويۇۋەتكەن ئىكەن، ئەجدىھارنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ قۇيرۇقىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەجدىھار كۆزىنى ئېچىپ قارىسا ئالدىدا يىگىت يوق، ئۇ: «يۇتۇۋېتىپتىمەن» دەپ خۇشال بولۇپ تۇرسا، قىلىچ ئۆمەر پەيدا بولۇپتۇ.

— ھەي يىگىت، تېخى تىرىكمۇسەن؟ — دەپتۇ ئەجدىھار.

— مەن ئۆلمىدىم، سەن ئۆلدۈڭ، — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر، — ئىشەنمىسەڭ سىلكىنىپ باق.

ئەجدىھار بىر سىلكىنگەن ئىكەن، كاسا قىلىنغان قوغۇندەك ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن قىز قورىنى تاشلاپ، چۈشۈپ قالغان كەشىگە قارىماي ئوردىغا يۈگۈرۈپتۇ.

قىزنى كۆرگەن پادىشا «ئەجدىھار تاغدىن چۈشۈپ شەھەرنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغان بولدى» دەپ قورقۇپ، قىزنى دەرھال تۇتۇپ ئەجدىھارنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تاشلاپ بېرىشنى ئەمر قىپتۇ، جاللاتلار قىزنى تۇتۇپ سۆرەپ مېڭىپتۇ.

— دادا، مېنىڭ ئىككى ئېغىز سۆزۈمنى ئاڭلا، — دەپتۇ قىز، — بىر مۇساپىر يىگىت ئەجدىھار-

سى ئولتۇرۇپ مېنى ۋە پۈتۈن قىزلارنى، شەھىرىمىزنى قۇتقۇزدى. ئىشەنمىسەڭ راۋاققا چىقىپ قاراپ باق!

پادىشا قىزىنىڭ سۆزىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، راۋاققا چىقىپ قارىغان ئىكەن، ئەجدىھار ياتقان جىرا قىپ - قىزىل قانغا بويىلىپ كەتكەنىمىش. ئەجدىھار ئىككى پارچە بولۇپ ياتارمىش. پادىشا خوشاللىقىدا راۋاقتىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چۈشۈپ چاكارچىلارغا:

— شەھەر دەرۋازىسىدىن تاقىچە پاياندىز سېلىڭلار، پۈتۈن شەھەر خەلقىنى دەرھال يىغىڭلار، ئۇلار كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ ئەجدىھارنى يوقاتقان يىگىتنى قارشى ئالسۇن! — دەپ ئەمىر قىلىپتۇ. ئۆزى ھازا كىيىملىرىنى سېلىپ، پادىشالىق كىيىمىنى كىيىپ، ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى باشلاپ قىلىچ ئۈمەرنى قارشى ئېلىشقا مېڭىپتۇ.

قىلىچ ئۈمەر قايتىپ كېلىپ، سۈت بىلەن يۇيۇنۇپ ئەجدىھارنىڭ زەھەرلىرىنى تازىلاپ، ئاكىلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇشىغا پادىشا يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۇلارنى ئوردىغا باشلاپتۇ، شەھەر خەلقى قىلىچ ئۈمەرنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ.

پادىشا قىلىچ ئۈمەر ۋە ئۇنىڭ ئاكىلىرى شەرىپىگە كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپتۇ، ئاندىن پۈتۈن شەھەردە قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ.

قىرىق بىرىنچى كۈنى پادىشا ئۇلار بىلەن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، قىلىچ ئۈمەرگە:

— سىز قىزىمنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزدىڭىز، ئەمدى ماڭا كۈيئوغۇل بولۇڭ، — دەپتۇ.

— كۆينەكنى ئېتىكىدىن كىيەمدۇ، ياقىسىدىن؟ — دەپ سوراپتۇ قىلىچ ئۈمەر.

— ئەلۋەتتە ياقىسىدىن كىيىدۇ، — دەپتۇ پادىشا.

— ئۇنداقتا، مەلىكە چوڭ ئاكامنىڭ بولسۇن، — دەپتۇ قىلىچ ئۈمەر.

پادىشا رازى بولۇپ، قىزىنى قىلىچ ئۈمەرنىڭ چوڭ ئاكىسىغا بېرىپتۇ. تويىنىڭ قىرىق بىرىنچى كۈنى چوڭ ئاكا ئىككى ئىنىسىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. كەچ بولغاندا قىلىچ ئۈمەر چوڭ ئاكىسىغا بىر قاچا سۈت ئەكەلدۈرۈپ تورۇسقا ئېسىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— ئاكا، مەن ئەتە ئوتتۇرانچى ئاكام بىلەن سەپەرگە چىقىمەن. سىز ھەر كۈنى ئەتىگەندە سۈتكە قاراپ تۇرۇڭ. سۈتنىڭ رەڭگى بۇزۇلمىسا مېنى سالامەت ئىكەن دەپ بىلىڭ، سۈتنىڭ رەڭگى يېرىم رەڭگە ئايلانسا، ئۇكاماڭنىڭ ھاياتى خەۋپتە ئىكەن دەپ بىلىڭ. ئەگەر سۈتنىڭ رەڭگى قان رەڭگىگە ئايلانسا، ئۇكاماڭنىڭ جېنى يوق ئىكەن دەپ بىلىڭ ۋە مېنى ئىزلەپ چىقىڭ.

ئىككى ئاكا - ئۇكا سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار چۆل كېزىپ، تاغ ئېشىپ، دەريا كېچىپتۇ. يولدا قىلىچ ئۈمەر ئاكىسىغا قىلىچۋازلىق ۋە دەريا باغلاشنى ئۆگىتىپتۇ. توپ - توغرا قىرىق كۈن بولغاندا، ئۇلار دەل چىڭقى چۈشتە بىر شەھەرگە كىرىپ كەپتۇ، شەھەردە بىرمۇ ئادەم يوق، ھەممە ئىشىك تاقاقلىق ئىكەن. بۇلار ھەيران بولۇپ كېتىپ بارسا، بىر ئۆيدىن باشتىن - ئاياق قارا كىيىم كىيگەن بىر بوۋاي يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن سۆرىگەنچە ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپتۇ. يىگىتلەر بۇ ئەھۋالدىن ھەيران بولۇپ بوۋايدىن سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— بىزنىڭ بۇ شەھەرنى سەكسەن يىل ئىلگىرى يەتتە قارا دىۋە بېسىۋالغان. ئۇلار ھەممە كىشىنى قارا كىيىم كىيىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇلار كۈندۈزى ئۇخلاپ كېچىسى تالاغا چىقىدۇ. تالادا ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى تۇتۇپ يەيدۇ. پۇقرالار بۇياقتا تۇرسۇن، پادىشامىز قارا كىيىم كىيىپ،

ئوردىسىدىن چىقالماي ياتىدۇ، — دەپتۇ بوۋاي.

قىلىچ ئۆمەر دىۋىلەرنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپتۇ.

— مەرت يىگىت ئىكەنسەن، — دەپتۇ بوۋاي، — شۇ نىيەتكە كەلگەن بولساڭ سۆزۈمگە قۇلاق سال! موشۇ يول بىلەن مېڭىۋەرسەڭ، تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئىككى قاناتلىق چوڭ بىر دەرۋازا بار. دەرۋازىنىڭ ھەر بىر قانىتىنى ئۈچتىن دىۋە پۇتلىرى بىلەن تاقاپ ياتىدۇ. بۇلار كىچىكرەك دىۋىلەر، سەن بېرىپ دىۋىلەرنىڭ پۇتىنى غىدىقلىساڭ ئۇلار پۇتىنى يىغىۋالىدۇ. سەن دەرھاللا دەرۋازىنى قىيا ئېچىپ كىرىپ ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئال. دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىككى قەۋەتلىك چوڭ بىر ئىمارەت بار. ئىككىنچى قەۋەتكە چىقساڭ، چوڭ سارايدا دىۋىلەرنىڭ چوڭى بار. ئۇ زىيادە چوڭ، ئىلاجى بار بىر قىلىچ چېپىپلا ئۆلتۈرۈۋەت. ناۋادا جېنى چىقماي قالسا ئىككىنچى قېتىم قىلىچ ئۇرما. چۈنكى دىۋىنىڭ بىر تامچە قېنىدىن مىڭ دىۋە پەيدا بولىدۇ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرالماي قالىسەن.

قىلىچ ئۆمەر بوۋاينىڭ دېگىنى بويىچە بىر دەمدىلا ئالتە دىۋىنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. ئۇ بىر پەس دەم ئېلىۋېلىپ ئىمارەتنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىقىپتۇ. چوڭ سارايىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرسە كۆزلىرى جامدەك، بۇرنى تۈشۈكلىرى موردىدەك، بەكمۇ سەت بىر دىۋە ياتقىدەك. ئۇ ئۇخلىغان ئىكەن. ئۇ قىلىچ ئۆمەرنى كۆرۈپ ئېتىلاي دەپ تۇرۇشىغا، قىلىچ ئۆمەر قىلىچى بىلەن ئۇنىڭ بوينىغا كۈچ بىلەن ئۇرۇپتۇ. شۇنچە كۈچ بىلەن ئۇرۇلغان قىلىچ ئۇنىڭ كۆكرىكىگە كېلىپ توختاپ قاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ كەينىگە يانغان ئىكەن، دىۋە:

— سەن بىر نامەرت ئىكەنسەن. ياكى مېنى چاپماي قويمىدىڭ، چاپقاندىن كېيىن مېنى چالا ئۆلۈك قىلىپ قويماي يەنە قىلىچ ئۇر، تولۇق ئۆلتۈر، — دەپتۇ.

دىۋىدىن «نامەرت» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان قىلىچ ئۆمەر ئۆزىنى باسالماي، قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ، بىر سىلكىپ قىرىق گەز ئۇزارتىپ شۇنداق كۆتۈرۈشىگە دىۋە خوشاللىقىدا قاقاخلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر بۇ كۈلكىنى ئاڭلاپ، بوۋاينىڭ دېگەنلىرىنى ئەسكە ئاپتۇ — دە، ئاچچىغىدا ھاي بېرىپ، قىلىچىنى قىنىغا سېلىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. دىۋە ئىڭراپ يېتىپ قاپتۇ.

قىلىچ ئۆمەر بوۋاينىڭ ئۆيىگە كەپتۇ.

— قانداق بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

— ئالتە كىچىك دىۋىنى ئۆلتۈردۈم. چوڭ دىۋە ئېغىر زەخىملەندى، ئەتىگىچە ئۆلسە كېرەك، — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر.

— سىلەر تاماق يەپ تۇرۇڭلار. مەن بېرىپ دىۋىلەرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى پادىشاھقا خەۋەر قىلاي، — دەپتۇ بوۋاي.

بوۋاي ئوردا ئالدىغا بېرىپتۇ. بىراق ھەر قانچە مۇشلاپمۇ ئوردىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتۇرالماپتۇ. دەرۋازىنى ساقلاپ ياتقان پالۋانلار شوتا قويۇپ تامدىن مارىشىپتۇ. ئۇلار بوۋاينى كۆرۈپ:

— نېمە گېپىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دەرھال دەرۋازىنى ئېچىڭلار، پادىشاھقا دەيدىغان خوش خەۋىرىم بار، — دەپتۇ بوۋاي.

پالۋانلار دەر - دەر تىترىشىپ، دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكىنى قىيا ئېچىپ، بوۋاينى

كەركۈزۈپلا تاقىۋاپتۇ. پادىشانىڭ ئوردىسىدا ئىككى قاتار، ئوتتۇز ئىككى تۈۋرۈك بار ئىكەن. خۇشاللىقتا بوۋاينىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ يۈگۈرۈپ بارغىنىچە بىرىنچى تۈۋرۈككە ئۇسۇۋاپتۇ، ئۇنىڭدىن ئاغرىپ بىردىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى . . . تۈۋرۈكلەرگە ئۇسۇۋاپتۇ. پادىشانىڭ ئالدىغا بارغىچە ئوتتۇز ئىككى تۈۋرۈكنىڭ ھەممىسىگە ئۇسۇپ قىپ - قىزىل قانغا بويىلىپ كېتىپتۇ. پادىشا شۇنداق قارىغىدەك بولسا، قىپ- قىزىل قانغا بويالغان بىر مەخلۇق ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقىدەك، بۇنى كۆرۈپ پادىشانىڭ جېنى چىقىپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ.

— سەن ... سەن قان ... قانداق مەخلۇق؟ — دەپ ئاران سورىيالاپتۇ پادىشا.

بوۋاي ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. پادىشا داڭدار پالۋانلىرىدىن ئىككىسىنى بوۋايغا قوشۇپ، ئەينى ئەھۋالنى كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ.

پالۋانلار دىر - دىر تىترىشىپ، بوۋاينىڭ كەينىگە مۆكۈپ دىۋىلەرنىڭ ماكانىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىقىپ قارىسا، چوڭ دىۋە تېخى ئۆلمىگەن ئىكەن. كىرگەنلەرنى كۆرگەن دىۋە:

— جېنىم بەك قىينىلىپ كەتتى. قايسىڭلار مەرت بولساڭلار يەنە بىر قىلىچ ئۇرۇپ جېنىمنى ئېلىڭلار، — دەپتۇ.

پالۋانلارنىڭ يۈرەكلىكرەكى قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ دىۋىنى چاپماقچى بولغان ئىكەن، بوۋاي ئۇنى غەزەپ بىلەن شۇنداق بىر ئىتتىرىپتىكى، ئۇلار بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ ئىككىنچى قەۋەتتىن پەسكە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇلار بىر ھازادىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن ئىنچىقلاپ ئاران تۇرۇپ، ئالدى - كەينىگە قارىماي، ئۇدۇل ئوردىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئۇلارمۇ ئوردىغا كىرىپ تۈۋرۈككە ئۇسۇپ، ئۇنىڭدىن ئاغرىپ بىر - بىرىگە ئۇسۇپ، پادىشانىڭ ئالدىغا بارغىچە قىپ - قىزىل قان بولۇپ كېتىپتۇ. پادىشا ئۇلارنى كۆرۈپ تىترەپ تۇرۇپ:

— نېمە گەپ؟ نېمە بولدۇڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نېمە بولغانلىقىمىزنى سورىمىسىلا پادىشايى ئالەم، — دەپتۇ ئىككى پالۋان تەڭلا، — بوۋاينىڭ دېگىنى راست ئىكەن.

ئۇلار شۇنداق دەپلا ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئاڭغىچە بوۋايمۇ يېتىپ كەپتۇ. پادىشا بوۋايدىن ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدا بوۋاينى قۇچاقلاپ سۆيۈپتۇ. ئۇ جارچىلىرىغا بۇ ۋەقەنى پۈتۈن شەھەر خەلقىگە ئاڭلىتىش، ئوردىدىن تارتىپ بوۋاينىڭ ئۆيىگىچە بولغان كوچىغا پايانداز سېلىش، شەھەر خەلقىنى كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تىزىپ باتۇرلارنى قىزغىن قارشى ئېلىشقا ئۇيۇشتۇرۇش توغرىسىدا پەرمان بېرىپتۇ. ئۆزىمۇ قارا كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، ئوت قويۇۋېتىپ، پادىشالىق تون، تاجلىرىنى كىيىپ، ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى ئېلىپ، بوۋاينىڭ كەينىدىن بېرىپ باتۇرلار بىلەن كۆرۈشۈپتۇ.

بۇ يەردە قىلىچ ئۆمەر شاھنىڭ قىزىنى ئوتتۇرانچى ئاكىسىغا توي قىلىپ قويۇپتۇ. ئاندىن چوڭ ئاكىسى بىلەن خوشلاشقاندەك خوشلىشىپ سەپىرىنى داۋام قىپتۇ.

ئۇ يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئاخىرى ئاجايىپ چوڭ بىر چۆللۈككە يېتىپ كەپتۇ. چۆلدە ئاتلىرىمۇ ئۆلۈپ، ئوزۇق - تۈلۈكلىرىمۇ، سۇيىمۇ تۈگەپتۇ. ئۇ چىشىنى چىڭ چىشلەپ تىرىشىپ - تىرمىشىپ بىر تاغ باغرىغا كەپتۇ ۋە ماغدۇرىدىن كېتىپ يىقىلىپ يېتىپ كۆزى

ئۇيقىغا كېتىپتۇ. ئۇ بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە بىر ئاپپاق ساقال بوۋاينى كۆرۈپتۇ.

— ھەي بالام، نەدىن كەلدىڭ؟ نەگە بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

قىلىچ ئۆمەر بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— بۇ ئەقلىمدا ئۈچ ئايەت بار ئىدى، سەن ئىككىسىنى يوقىتىپسەن. بۇ ئۈچىنچىسى ئايەت سېنىڭ مەشۇقەڭ مەلىكە قانخورەۋزە ئۇ بۇ ئۆپچۆرىگە كېلىپ قالغان پۈتۈن ئادەمزاتنى يوقىتىپ، جەسەتلەرنى ئېتىغا توغراپ بېرىپ «قانخور» دەپ نام ئالغان. ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشنى نىيەت قىلغان كۆرمەك شاھ، شاھزادە، باتۇر - پالۋان ئۇنىڭ قىلىچى ئاستىدا جان بېرىپ، ئۇنىڭ ئېتىغا يەم بولغان. ئۇنىڭغا لەكمەك - لەكمەك لەشكەرمۇ تەڭ كېلەلمىگەن. سەن ئەجدىھار ۋە دىۋىلەرنى يەڭگەن بولساڭمۇ، ئەمما مەلىكە قانخورغا تەڭ كېلەلمەيسەنمىكىن؟ — دەپتۇ بوۋاي.

— ھەجران ئازاۋىنى كۆپ تارتتىم، — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر، — شۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىپ، دوزاقنىڭ دەردىنى تارتىپ مۇشۇ يەرگە كەپتىمەن، ياكى جانانغا يېتەي ياكى جاندىن كېچەي، مەشۇقەمنىڭ قولىدا جان بەرسەم بۇ دۇنيادىن ئارمانسىز كېتىمەن.

— نىيىتىڭ قەتئىي ئىكەن، — دەپتۇ بوۋاي، — مۇشۇ تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە ئۆتسەڭ بىر تۈلكە ئۇچرايدۇ. سەن تۈلكىگە: «مۇشكۈلۈمنى ئاسان قىلساڭ» دېسەڭ، تۈلكە ماقۇل كۆرۈپ: شۇ ئورنىدا ئۆرۈلۈپ تۇرۇشلۇكىنى بۇزۇپ، ئۆزى يەرنى كولاپ كىرىپ كېتىدۇ. ئۇ يەر ئاستىنى كولاپ يول ئېچىپ، يولنى مەلىكە قانخورنىڭ ئېتىنىڭ ئوقۇرى تۈۋىگە تۇتاشتۇرۇپ قويىدۇ. سەن تۈلكە كولىغان يەر ئاستى يولنىڭ ئاخىرىغىچە بېرىپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقىڭ بىلەن يەر ئۈستى تەرەپنى ئىتتىرسەڭ تۆشۈك ئېچىلىدۇ. مەلىكە قانخورنىڭ ئېتى ئون كۈنلۈك يەردىكى ئادەمنىڭ ھىدىنى سېزەلەيدۇ. بىر سائەتتە قىرىق كېچە - كۈندۈزلۈك يولنى باسالايدۇ. سەن قولۇڭنى چىقىرىشىڭ ھامان ئات كىشنەيدۇ. مەلىكە قانخور ئاتنىڭ كىشنىگىنىنى ئاڭلاپ ساۋۇتلىرىنى كىيىپ، قىلىچ - نەيزىلىرىنى ئېلىپ، ئاتنى ئىگەرلەپ، پۈتۈن چۆل - جەزىرىنى ئايلىنىپ كېلىپ، ھېچنىمىنى تاپالمىغانلىقىدىن ئاتقا ئاچچىقلىنىپ، ئاتنى ئەللاپ كىرىپ كېتىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن قولۇڭنى يەنە چىقارساڭ ئالدىنقى ئىش تەكرارلىنىدۇ. مەلىكە قانخور ناتىق ئاچچىقلىنىپ، ئاتقا: «ئالجىپ قالغان قېرىچاڭغۇ، بۇندىن يەنە كىشنەيدىغان بولساڭ ھەرگىز چىقمايمەن» دەپ كىرىپ كېتىدۇ. سەن شۇ چاغدا ئۆرىسۇپ چىقىپ مانا بۇ، ئادەمنىڭ تۇلاتلىرىنى ئاتقا تاشلاپ بېرىسەن. ئات بۇ تۇلاتلارنى يەپ جىم تۇرىدۇ. سەن يۈگۈرۈپ مەلىكە قانخور ياتقان ئۆيگە كىرىپ ئۇنىڭغا تاشلىنىسەن. شۇ چاغدا مەلىكە قانخور ئاچچىقىدا ئىككى قولىنى بېشىنىڭ ئاستىدا تۇتۇپ، ئۇزۇن - كېچىك تىنىپ ياتقان بولىدۇ. سەن كىرگەن پېتىڭ ئۇنىڭ تۆشىگە مىنىۋېلىپ، ئىككى قولىنى ئىككى يانغا بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كېرىپ تۇرۇۋالىسەن. ئۇ قولىنى يىغىشقا جىق كۈچەپ باقىدۇ. ئۇ قولىنى يىغىۋالسا تۈگەشكىنىڭ. شۇ قولىنى يىغىۋالالمىسا ساڭا ئەل بولىدۇ، مۇرادىڭغا يېتىسەن، خەير، سەپىرىڭ ئۇتۇقلۇق بولسۇن!

بوۋاي شۇنداق دەپ دۇئا قىلىپ كۆزدىن غايىپ بولۇپتۇ. قىلىچ ئۆمەر چۆچۈپ ئويغىنىپ قارىسا بېشىدا بىر دۆۋە ئادەم تۇلىنى تۇرغىدەك. ئۇ تۇلاتلارنى ئىشتىكىگە ئېلىپ، كۆرۈنگەن تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە قاراپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ. بىر چاغدا قارىسا، بىر تۈلكە ئۆزىنىگە قاراپ يۈگۈرۈپ ئولتۇرغىدەك. قىلىچ ئۆمەر چۈشىدە كۆرگەن بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، «مۇشكۈلۈمنى ئاسان قىلساڭ» دەپ تۈلكىگە مۇراجىئەت قىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى

بوۋاي ئىمتىھاندەك بولۇپتۇ. قىلىچ ئۈمەر تۈلكە كولاپ بەرگەن بىر ئاستى يولغا كىرىپ ئۈمىلەپتۇ. ئۇ، ئۈمىلەپتۇ، ئۈمىلەپتۇ، ئۇزۇننىڭ ۋاقىت ئۈمىلىگەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ. ئاخىرى لەخمىنىڭ چېكىگە يېتىپ بېرىپ، بوۋاينىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇنلاپتۇ. مەلىكە قانخور ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇيقىنى تاماملاپ - قاقاپ كېرىپ كەتكەندىن كېيىن قىلىچ ئۈمەر لەخمەدىن چىقىپ، ئات كىشنەپ بولغىچە تولاقنى تاشلاپ بېرىپتۇ. ئاندىن ئۆزىگە ئىتتىلىپ كىرىپ مەلىكە قانخور ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغىچىلا قور- سىقىغا مىنىۋېلىپ، قولىنى كېرىپ تۇرۇۋاپتۇ. مەلىكە قانخورمۇ بوش كەلمەي قولىنى يېشىشقا ئۇرۇ- نۇپتۇ. قىلىچ ئۈمەرنىڭ قوللىرى قاراسلاپ، سىقىراپ كېتىپتۇ. مەلىكە قانخورمۇ بەك كۈچىگەنلىكتىن چىرايلىرى پوركاندەك قىزىرىپ، تەرلەپ كېتىپتۇ. ھەر ئىككىلىسى بوش كەلمەپتۇ. بىر كېچە - كۈندۈز ئېلىشقاندىن كېيىن مەلىكە قانخور:

— مەن بولالمىدىم، ساڭا ئەل بولدۇم، — دەپ قىلىچ ئۈمەرنى مەيدىسىگە تېگىپتۇ ۋە سۆزىنى داۋام قىلىپتۇ.— سەن مېنىڭ ئاشىقىم. مەن سېنىڭ مەشۇقۇڭمەن. سېنى سېغىنىپ، ھىجران ئازابىنى تارتىپ كۈنلىرىم تۈنگە، تۈنلىرىم كۈنگە تەستە ئۇلىشىپ، يولۇڭغا قاغجى- راق چىناردەك تەشنا بولۇپ يۈرگەن ئىدىم. خۇيمۇ ئوبدان يېتىپ كەلدىڭ. سەن ئىشىكتىن كىرگەن چاغدىلا تونۇغان ئىدىم. مەن ئۆزەمنى باغرىڭغا ئاتاي دەپ بولغىچە سەن مەن بىلەن كۈچ سىنىشىپ قالدىڭ. مېنىڭ نامىم ساڭا ئۈن- تىنسىز ئەل بولۇشقا يول قويمىدى، مەنمۇ سەن بىلەن ئېلىشىپ قالدىم. ئەمدى مەن مەڭگۈ سېنىڭكى، كۈچ سىناشقانلىقىمنى ئەيىب قىلمىغىن، بىز ئاينى گۇۋاچى قىلىپ نىكاھلىنايلى. مەن ئەرگە تەككەندىن كېيىن ئادەتتىكى ئايالغا ئايلىنىمەن، كۈچۈممۇ تۈگەيدۇ. مەن ئەشۇنداق سېھىرلەنگەن. سەن مېنىڭ ئېرىم، مەن سېنىڭ ۋاپادار خوتۇنۇڭمەن.

ئۇلارنىڭ شېرىن كۈنلىرى باشلىنىپتۇ. بىر- بىرىگە بولغان مېھرى- مۇھەببىتى كۈندىن- كۈنگە ئېشىپتۇ. بىر- بىرىگە قاراپ تويۇشماپتۇ.

مەلىكە قانخور تۇرغان قەلئەنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە بىر شەھەر بار ئىكەن. ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاسىمۇ مەلىكە قانخورغا ئاشىق ئىكەن. بىر قانچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەلچىلىرىدىن، لەشكەر تارتىپ كېلىپ لەشكەرلىرىدىن ئايرىلغان ئىكەن. شۇندىن بۇيان پادىشا مەلىكىگە تەڭ كېلەلمەي، يا ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەي، ئۇنىڭ ئىشقىدىن قول ئۈزەلمەي، يۈرەكلىرى زەرداپ بولۇپ، كۆك يەرگە مەي- دىسىنى يېقىپ ياتقان ئىكەن. كۈن پېتىش تەرەپتىن كەلگەن بىر يىگىتنىڭ مەلىكە قانخورنى نىكاھىغا ئالغانلىقىنى ئاڭلىغان بۇ پادىشا ئوردىدىن چاچراپ تۇرۇپ: «كىمدە- كىم مەلىكە قانخورنى ماڭا ئەكېلىپ بەرسە بېشىدىن- ئايىغىچە ئالتۇن بىلەن قاپلايمەن» دەپ جارچىسىنى شەھەرگە چىقىرىپتۇ. شۇ شەھەردىكى بېلى مۈكچەيگەن، ئاغزى ئۈمچەيگەن، كۆزلىرى ئوغرى مۈشۈكنىڭ كۆزىگە ئوخشاي- دىغان، تەلەتىدىن قۇزغۇنلۇق- شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغان بىر ئىلمەك بۇرۇن دەللە ئوردىغا كىرىپ پادىشاغا:

— ۋەدە قىلغان ئالتۇنلىرىڭىزنىڭ يېرىمىنى ھازىر بەر. قالغان يېرىمىنى مەلىكىنى قولۇڭغا تاپشۇر- غاندا ئالىمەن،— دەپتۇ.

خوشال بولۇپ كەتكەن پادىشا ئالتۇن، كۈمۈش ئۈنچە- مەرۋايىت، جاۋاھىر، قىممەت باھالىق تاشلاردىن بىر تاغارغا لىق قاچىلاپ مومايغا بېرىپتۇ. ئاندىن:

— مەلىكە قانخورنى قانداق ئېلىپ كېلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ تەرەپلىرىدىنى سورىدىما. سەن ئالدى بىلەن ئادەملىرىڭگە ئېيت، ئۇلار يۇرت - قوللىرىمنى باغلاپ ئۇرۇپ، پۈتۈن بەدىنىمنى كۆكەرتىۋەتسۇن. ئاندىن ناھايىتى چاپقۇر ئاتلىرىڭنىڭ بىرىگە بىر نەۋكىرىڭنى مىنگۈزۈپ، ئۇ مېنى ئاتنىڭ ئالدىدا ئېلىپ مەلىكەقانخورنىڭ يولىغا تاشلاپ قايتسۇن، قالغىنىنى ئۆزۈم بىر نېمە قىلىمەن، — دەپتۇ دەللە.

پادىشا شۇ كۈنىلا موماينىڭ دېگىنىنى قىلىپ يولغا سېپتۇ.

قىلىچ ئۆمەر بىلەن مەلىكە شەھەردىن پاراكەندىچىلىك ئولتۇرسا ئات قاتتىق كىشنەپتۇ. قىلىچ ئۆمەر ئاتقا مىنىپ چىقىپ كېتىپ يولدا قول - ئاياقلىرى باغلانغان، يۈز - كۆزى يارىلانغان موماينى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ، موماينىڭ قول - ئاياقلىرىنى يېشىپ، ھال - ئەھۋال سوراپتۇ. موماي بىر ھازا - چە يىغلاپ:

— مېنىڭ ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزىم بار ئىدى. قىزىمنى سىزغا چىقارسام، شىكاردىن يانغان پادىشاغا يولۇقۇپ قاپتۇ. پادىشانىڭ كۆزى قىزىمغا چۈشۈپ، ئۇنى خوتۇنلۇققا سوراپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. قىزىمنىڭ چايى ئىچۈرۈپ قويغان لايىقى بار ئىدى. كىچىكىدىن بىللە ئويناپ، بىللە چوڭ بولغان ئىدى. قىزىمىز پادىشاغا خوتۇن بولۇشقا ئۇنىمىدى. مەنمۇ ئويلاپ قارىسام، قىزىم ئوردىدا كەتسە ئەبەدى كۆرەلمەيدىكەنمەن. مېنىڭ قىزىمدىن باشقا قارايدىغان ئادىمىم يوق، ماڭا كىم قارايدۇ؟ شۇڭا مەنمۇ رازى بولماي، ئەلچىلەرگە بىر مۇنچە يالۋۇرۇپ، پادىشانىڭ ئىنساۋىغا دۇئا قىلىپ يولغا سالدىم. ئەلچىلەر بۇ گەپنى پادىشاغا دەپ بارغان ئىكەن. پادىشانىڭ غەزىۋى ئۆرلەپ: «قىزىنى ياخشىلىقچە بەرسە بەرسۇن، بەرمىسە ئۇ قېرىنىڭ يۇرت - قولىنى باغلاپ مەلىكە قانخورنىڭ يولىغا تاشلاپ كېلىڭلار، مەلىكە قانخور ئۇ قېرىنىڭ ئۆلۈكىنى ئىتقا تاشلاپ بەرسۇن. قىزىنى ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ بۇيرۇپتۇ. پادىشانىڭ جاللاتلىرى بۇ ئىشنى بىردەمدىلا بىجا كەلتۈردى. قىزىمنى تارتىپ ئېلىپ كەتتى. مېنى بۇ يەرگە تاشلىۋەتتى، — دەپتۇ.

قىلىچ ئۆمەر قېرىغا تەسەللى بېرىپتۇ.

— ئاڭلىسام بىر يىگىت مەلىكە قانخورغا ئۆيلەنىدى، دېيىشىۋاتاتتى سەن شۇ يىگىت ئوخشىمامسەن؟ - دەپ سوراپتۇ موماي.

— ھەئە، — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر.

— نى - نى شاھ، شاھزادىلەر، باتۇر - پالۋانلار ئالالمىغان مەلىكە قانخورنى سەن ئاپسەن. تەلەيلىك يىگىت ئىكەنسەن، مۇبارەك بولسۇن! ئاتا - ئاناڭ بارمۇ؟ ئۇلار قەيەردە؟ — دەپتۇ موماي.

بۇ سوئال بىلەن قىلىچ ئۆمەر يىراقتا قالغان ئانىسىنى ئەسلەپ چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپتۇ.

— ئويلىنىپ كەتتىڭىزغۇ بالام؟ مېنىڭ قىزىمنى بۇلاپ كەتكەن پادىشامۇ مەلىكىگە ئاشىق ئىدى. ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەر خىل ئاماللار بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇنغان ئىدى، ئەمدى تاۋۇزىنى قولتۇقىدىن چۈشۈرۈپتۇ. مەلىكە ساڭا ئوخشاش باتۇر يىگىتكە تەئەللۇق، — دەپ ۋالاقلاپتۇ موماي، — بالام، مېنىڭ باردىغان يېرىم يوق. سىلەر ياش ئەر - خوتۇنلار، بىر - بىرىڭلاردىن ئايرىلالمايسىلەر. سەن ئەر كىشى، باتۇر يىگىت، سەن دائىم ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرسەڭ زېرىكىسەن. مەلىكىنى تاشلاپ چىقىپ كەتسەڭ، بۇ يەردە ئۇنىڭ سەندىن باشقا ئادىمى يوق. ئۇ زېرىكىدۇ. بىرەر خەتەرگە يولۇقۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، مېنى ئالغاچ كەتسەڭ، مەلىكىنى قىزىمنى كۆرگەن كۆزدە كۆرۈپ، سەن سىرتقا چىققاندا مەن مەلىكىگە ھەمرا بولۇپ ئىككىڭلارنىڭ خىزمىتىنى قىلسام.

مومای شۇنداق دەپ يىغلاپ يالۋۇرۇپتۇ. قىلىچ ئۆمەرنىڭ مومايغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇنىڭ گەپ-لىرىدىن تەسىرلىنىپ، ئەتىگەنلا مىنگەشتۈرۈپ ئاستانىگە ئېلىپ كەپتۇ. مومايني كۆرگەن مەلىكىنىڭ تېنى ھۇزۇردە قالماپتۇ، ئەمما چاندۇرماپتۇ. مومای سالاملىشىپ بولۇپلا ھويلىنى سۈپۈرۈپ، چېلەك بىلەن سۇ ئەكېلىپ سەپكىلى چىقىپ كېتىپتۇ.

— بۇ مومايني بىكار ئېلىپ كەپسىز،— دەپتۇ مەلىكە قىلىچ ئۆمەرگە،— ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر شۇملۇق چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ مېنى ئالىمەن دەپ يۈرگەن پادىشا ئەۋەتكەن دەللەمىكىن دەيمەن.

— بۇ مومايىنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلەتتى؟ ياخشى بولسا ئىشىنى يەر، يامان بولسا بېشىنى يەر،— دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر.

مومای ناھايىتى تىرىشىپ ئىشلەپتۇ. ئۆي ئىچى، ھويلا-ئارامىلارنى تازىلاپ، سۇ چېچىپ خۇددى جاناننىڭ چىمەندەك قىلىۋېتىپتۇ. مەلىكىنى يۇيۇپ-تاراپ، بېشىنى بېقىپ، ئىشىنى ئېتىپ، شېرىن سۆزلەپ يۈرۈپ ئۆزىگە رام قىلىۋاپتۇ.

قىلىچ ئۆمەر بۇرۇن ئوۋغا چىقاي دېسە مەلىكە ئۇنىمايدىكەن. مومای كەلگەندىن كېيىن «بارسىڭىز بېرىڭ» دەيدىغان بوپتۇ. مومای بىكار قالغان ۋاقىتلىرىدا قىزىق-قىزىق چۆچەكلەرنى سۆزلەپ مەلىكىنى كۈلدۈرۈپ، كۈننىڭ قانداق كەچ بولغانلىقىنى سەزدۈرمەيدىكەن. مومای كۈندۈزى ئىشلىسە، كېچىسى قىلىچ ئۆمەر بىلەن مەلىكە ياتقان ئۆيدىكى كارىۋاتنىڭ تېگىدىچە لەخمە كولاپتۇ. لەخمە پۈتۈپ، تام تۈۋىدىكى بۇلۇڭدىن كىچىككىنە تۆشۈك ئېچىپ بولۇپ كۆڭلى ئارامغا چۈشۈپتۇ.

شۇ كۈنلەردە قىلىچ ئۆمەر ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. مومای ئۆي ئىچى ۋە ھويلا-ئارامىلارنى تازىلاپ بولۇپ مەلىكىگە:

— قىزىم، ماۋۇ ئاپتاپقا كەل، بېشىڭنى بېقىپ قوياي،— دەپتۇ. مەلىكە ئۆز ئانىسىدەك ئۆگىنىپ قالغان بۇ مومايىنىڭ قۇچىقىغا باش قويۇپ يېتىپتۇ. مومای مەلىكىنىڭ بېشىنى باققاچ ئۇ ياقتىن-بۇ ياقتىن گەپ قىلغان بولۇپ:

— قىزىم، ئېرىڭ سېنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ دەپتۇ.

— ياخشى كۆرىدۇ، مېنى ئۆز جېنىدىنمۇ ئارتۇق كۆرىدۇ. ياخشى كۆرمىسە يالغۇز ئانىسىنى تاشلاپ، شۇنچە جاپالىق يولنى بېسىپ مېنىڭ ئىشقىمدا كېلەمدۇ؟— دەپتۇ مەلىكە.

— ئادەتتە مۇنداق باتۇرلارنىڭ جېنى ئۆز تېنىدە بولمايدۇ. ئېرىڭنىڭ جېنى قەيەردىكەن؟ ئۇنى بىلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ مومای.

— بىلمەيمەن،— دەپتۇ مەلىكە.

— ئەگەر ئۇ ھازىرغىچىلىك جېنىنىڭ قەيەردىلىكىنى ساڭا دەپ بەرمىگەن بولسا، — دەپتۇ مومای،— ئۇ سېنى چوقۇم ياخشى كۆرمەيدىكەن، ساڭا ئىشەنمەيدىكەن. ئەگەر سېنى ياخشى كۆرگەن، ساڭا ئىشەنگەن بولسا جېنىنىڭ قەيەردىلىكىنى دەپ بەرگەن بولاتتى.

مەلىكە شۇ كۈننى چۈشتىن يەۋالغاندەك بىئارام بولۇپ، ناھايىتى تەستە ئۆتكۈزۈپتۇ. كەچقۇرۇن ئوۋدىن قايتىپ كەلگەن قىلىچ ئۆمەر ئوۋلاپ كەلگەن كېيىكنى سويۇپ، گۆش قىلىپ مومايغا تاشلاپ بېرىپتۇ ھەمدە ئەتىگەنلىككىچە ئوبدان پىشۇرۇپ قويۇشنى تاپىلاپتۇ. ئۇ ئۆيگە كىرسە مەلىكە خاموش ئولتۇرغىدەك. ئۇ قىلىچ ئۆمەردىن ھاردۇقمۇ سورىماپتۇ. قىلىچ ئۆمەر: «مەن يوق زېرىكىپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ چاتچاق قىپتۇ، غىدىقلاپ بېقىپتۇ، ئەركىلىتىپتۇ.

مەلىكە سۆزمۇ قىلماپتۇ. كۈلۈپمۇ قويماپتۇ. ئاخىرى ئۇلار گەپ - سۆزمۇ قىلماي يۇرتقا كىرىپتۇ. مەلىكە ئارقىسىنى قىلىپ يېتىۋاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— سىز مېنى راستىن ياخشى كۆرەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

قىلىچ ئۆمەر خوتۇنىنىڭ بۇ سۆزىدىن ھەيران بولۇپ:

— سەن مېنىڭ ھازىرغىچە سېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمغا ئىشەنمەمسەن؟ مەن سېنى ياخشى كۆرمىسەم يۇرتۇمنى، مېھرىۋان ئانامنى تاشلاپ، چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ مۇشۇ يەرگە كېلەرمىدىم؟ سېنى ياخشى كۆرمىسەم سەن بىلەن ئەر - خوتۇن بولۇشقاندىن كېيىن سېنى ئۆز يۇرتۇمغا ئېلىپ كەتمەي، ئۆزى چوڭ بولغان يەردىن ئايرىلىپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالمىسۇن دەپ، مۇشۇ ئادەمسىز باياۋاندا يۈرەرمىدىم؟— دەپ سوئال بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ.

— مېنى ياخشى كۆرسىڭىز نېمىشقا جېنىڭىزنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ھازىرغىچە دەپ بەرمەي مەندىن يوشۇرىسىز؟— دەپتۇ مەلىكە.

— سەن بۇنى سورىما،— دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر،— ئۇنى دېسەم ماڭىمۇ، ساڭىمۇ ياخشى ئەمەس.

مەلىكە ئىشىلداپ يىغلاپ، دومسىيىپ يېتىۋاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر تەڭلىكتە قېلىپ:

— ئەمىسە مەن ئېيتىپ بېرەي، سەن ئىنىسى - جىنىغا تىنما. مېنىڭ جېنىم يېنىمدىكى قىلىچتا،— دەپتۇ.

بۇ گەپنى كارۋاتنىڭ تېگىدىكى لەخمىدە ياتقان ھىلىگەر شۇم موماي ئاڭلىۋاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر بىلەن مەلىكە قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە، موماي ئاستاغىنە ئۆيگە كىرىپ، قىلىچ ئۆمەرنىڭ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، مەلىكە قانخورنىڭ ئېتىنى مىنىپ بېرىپ بىر دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ.

ئەتىسى مەلىكە ئويغانسا قىلىچ ئۆمەر شوك ياتقىدەك. «مەلىكە تېزرەك ئورنىڭىزدىن» دەپ تۇرتۇپ بېقىپتۇ، «ھىلىگەرلىك قىلماڭ» دەپ غىدىغلاپ بېقىپتۇ. شۇ چاغدا كۆزى قىلىچى يوق قورۇق غىلاپقا چۈشۈپ، ئەھۋالنى چۈشىنىپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

ياۋۇز موماي قولىغا بىر ئاغامچىنى ئېلىپ «ھى... ھى...» دىگىنىچە كىرىپ:

— ئەمدى قولغا چۈشتۈڭمۇ، مەلىكەم؟— دەپ مەلىكىنى باغلىماقچى بوپتۇ. مەلىكە قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. ئەمما قۇۋ موماي چاققانلىق قىلىپ، مەلىكىنىڭ بوينىغا سىرتماق سېلىۋېلىپ، مەلىكىنى باغلاپ، ئاتنىڭ ئالدىغا ئۆڭگۈرۈپ، پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ تاشلاپتۇ ۋە مەلىكىنى قولغا چۈشۈرۈش جەريانىنى سۆزلەپ بېرىپ، پادىشادىن ۋەدە قىلىنغان ئالتۇننىڭ قالغان قىسمىنى ئېلىپ ئۆيىگە كېتىپتۇ.

پادىشا مەلىكىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا ھۇشىدىن كېتىپتۇ، ھۇشىغا كېلىپ مەلىكىگە:

— ماڭا خوتۇن بولساڭ،—دەپتۇ.

— ماقۇل، ئەمما ئىككى شەرتىم بار،— دەپتۇ مەلىكە،— 1 - شەرت، ئېتىمنى قويۇپ بېرىڭ، ئۇ مەن تۇرغان قەلئەنى ساقلىسۇن. 2 - شەرتىم، ئېرىم ئۆلدى، 40 كۈن قارىلىق تۇتىمەن. ئۇندىن كېيىن پۈتۈن شەھەر خەلقىگە 40 كېچە - كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ بېرىسىز، ئاندىن كېيىن مەن نىكايىڭىزغا ئۆتىمەن. بۇ شەرتلەرگە كۆنمەي تۇرۇپ بىر كۈن بۇرۇن ماڭا يېقىنلاشماقچى بولىدىكەنسىز، مېنىڭ ئۆلۈكۈمگە ئىگە بولىسىز.

پادىشا ئامالسىز بۇ شەرتلەرگە ماقۇل بولۇپتۇ.

ئەمدى گەپلەرنى قىلىچ ئۆمەرنىڭ ئاكىلىرىدىن ئاڭلايلى. بۇ 2 ئاكا-ئۇكا ۋەدە بويىچە ھەر كۈنى سەھەردە سۇ تەكتە قاراپ تۇرۇشۇپتۇ. دەل ياۋۇز جادىگەر موماي قىلىچ ئۆمەرنىڭ قىلىچىنى دەرياغا تاشلىۋەتكەن كۈنى سۇ تىپ - قىزىل قان رەڭگىگە ئۆزگىرىپتۇ. چوڭ ئاكا دەرھال 40 پالۋىنىنى،

80 ئاتنى ئاللاپ، 40 پالۋاننى 40 ئاتقا مىنگۈزۈپتۇ. 40 ئاتقا ئوزۇق - تۈلۈك، سۇ قاچىلانغان تۇلۇملارنى ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ، 40 كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئوتتۇرانچى ئىنىسى بار شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇمۇ تولۇق تەييارلىق قىلىپ تۇرغان ئىكەن. ئۇلار بىللە يولغا چىقىپتۇ. سەپەرنىڭ 19- كۈنى تاڭ سەھەردە مەلىكە قانخورنىڭ قەلئەسىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار قەلئەگە كىرىپ قارىسا قىلىچ ئۆمەر ئۇخلاۋاتقانىدەك ياتقىدەك. چوڭ ئاكا يۇلتۇزلاردا قاراپ قىلىچ ئۆمەرنىڭ يۇلتۇزىنى ئىزلىسە، ئۇ يۇلتۇز ئاسماندا كۆرۈنمەپتۇ. «نەگە ئېتىپ چۈشكەندۇ؟» دەپ تاغ، داۋان، دەريا، كۆللەرگە قارىسا، بىر دەريانىڭ تېگىدە تۇرغىدەك. ئۇ يۇلتۇزنىڭ تۈۋىدە قىلىچ ئۆمەرنىڭ قىلىچىمۇ تۇرغىدەك. ئاكا - ئۇكا ئىككەيلەن ئاتلىرىدا مىنىپ ماڭماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا مەلىكە قانخورنىڭ ئېتى يېتىپ كەپتۇ. بۇ ئات ئاكا-ئۇكىنى ئۆز ئېتىغا مىنگىلى قويماي، ئۇلارنىڭ پەشلىرىدىن تارتىپ ئۆزىگە مىندۈرۈپتۇ-دە، بىردەمدىلا ھېلىقى دەريانىڭ تۈۋىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. ئوتتۇرانچى ئاكا دەرھال دەريانى باغلاپ، قىلىچنى ئېلىپ چىقىپ، قەلئەگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار قىلىچنى غىلاپقا سېپتۇ. قىلىچ ئۆمەر قاتتىق بىر چۈشكۈرۈپ، «ھەجەپ قاتتىق ھەم تاتلىق ئۇخلاپتىمەن. ھەي مەلىكە، قېنى سەن؟» دەپ كۆزىنى ئېچىپتۇ، ئۇ شۇنداق قارىسا 2 ئاكىسى بېشىدا قاراپ تۇرغىدەك. ئۇ ئاكىلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ ۋە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى چۈشىنىپتۇ، قىلىچ ئۆمەر ئاكىلىرىغا: «جان ئاكىلىرىم، ئاتلىنايلى» دەپ تالاغا چىقىشىغا، مەلىكىنىڭ ئېتى ئۇنىڭ ئالدىدا تەييار بولۇپتۇ، قىلىچ ئۆمەر ئاتقا مىنىپ ئوقتەك ئۇچۇپتۇ. 2 ئاكىمۇ پالۋانلىرىنى باشلاپ ئۇكىسىنىڭ كەينىدىن ئاتلىرىنى قويۇۋېتىپتۇ. بۇلار تويىنىڭ 40- كۈنى چۈش بىلەن پادىشانىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كېلىپ، قارشىلىق كۆرسەتكەن لەشكەرلەرنى چېپىپ تاشلاپ، پادىشانى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، ئوردىنىڭ تورۇسىغا ئېسىپتۇ، ئۇلار مەلىكىنى پادىشانىڭ ھەرىمىدىن تېپىپتۇ. ئەگەر شۇ كۈنى ئۇلار يېتىپ كېلەلمىگەن بولسا، مەلىكە ۋەدە - شەرت بويىچە پادىشاغا خوتۇن بولۇپ كېتىدىكەن. شۇ كۈنى مەلىكە: «بۈگۈن ئەجىلىم توشقان ئوخشايدۇ. پادىشاغا خوتۇن بولغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى» دەپ ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، بىر بولاق زەھەرنى تەييارلاپ تۇرغان ئىكەن، مەلىكە قىلىچ ئۆمەرنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ يىغلاپ كېتىپتۇ، سوردمابدىغان سىرنى سوراپ، تۇرغۇن ئەلەم تارتقانلىقىنى ئەسلەپ قىلىچ ئۆمەردىن ئەپۇ سوراپتۇ. بۇلارنىڭ كۆڭلى ئىزىغا چۈشكەندىن كېيىن جادىگەر موماينى تېپىپ كەپتۇ، پادىشانى دارغا ئېسىپتۇ. جادىگەر موماينى ئاساۋ ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ، ئاتنى بىر بىپايان شورتاڭلىققا قويۇۋېتىپتۇ.

بۇ شەھەرنىڭ خەلقىمۇ زالىم پادىشاسىدىن بىزار بولۇپ، ئۇنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇشقا تەييارلىنىپ تۇرغان ئىكەن. ئۇلار قىلىچ ئۆمەرگە: «پادىشا بولۇڭ» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر چوڭ ئاكىسىغا:

— سىز پادىشا بولۇڭ،— دەپتۇ.

— مېنىڭ قىيناتام قازا قىلىپ، مەن شۇ شەھەرگە پادىشا بولغان، بۇ شەھەرگە پادىشا بولالمايمەن،— دەپتۇ چوڭ ئاكا. ئوتتۇرانچى ئاكىنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەرنىڭ پادىشالىقى قىلىچ ئۆمەرگە قاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر ئاكىلىرىنىڭ شەرىپى، خەلقنىڭ ھۆرلۈك - ئەركىنلىككە ئېرىشكەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ بىر قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن 40 كېچە - كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

41 - كۈنى قىلىچ ئۆمەر 2 ئاكىسىنى يولغا سېلىپ قويۇپ پادىشالىق تەختىگە ئولتۇرۇپتۇ. ئانىسىنى يېنىغا ئەكەلدۈرۈپتۇ. ئەلنى ئادىللىق بىلەن سوراپتۇ، ئەل ئاۋات، يۇرت باي بولۇپتۇ. قىلىچ ئۆمەر مەلىكە بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خوشال - خورام، بەختىي پاراۋان كۈن كۆچۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قەشقەر يېڭىشەھەر يايلاق يېزىسىدىن: تۇردى ئاخۇن.

رەتلىگۈچى: ماخمۇتجان ئىسلام.




## سۇ كېلىدۇ

سۇ كېلىدۇ تاش ئۈستىدە،
ئۆركەشلەيدۇ قاش ئۈستىدە.
سەن يارىمنى تولا ئويلاپ،
يىغلىۋەتتىم ئاش ئۈستىدە.

سۇ كېلىدۇ لاختا - لاختا،
ساندۇغۇمنىڭ تېگى تاختا.
كۆيۈك نېمە بىلمىگەنتىم،
سېنى كۆرمىگەن ۋاقتا.

سۇ كېلىدۇ ئەگىپ ئېقىپ،
يار كېلىدۇ ئۆيدىن چىقىپ.
كۈلۈپ قويۇپ كىرىپ كەتتى،
يۈرىكىمگە ئوتنى يېقىپ.

سۇ كېلىدۇ گۈلدۈر - گۈلدۈر،
سۆيگۈنۈم قىزىل گۈلدۈر.
ئايرىلغىلى ئۈچ ئاي بولدى،
چىرايىم سېرىق گۈلدۈر.

## ئاشىقلىق

ئىشىك ئالدى تاختا كۆۋرۈك،
قۇلۇپ، زەنجىر، سىم بىلەن.
سەن كېتەرسەن، مەن قالارمەن،
ئۆيدە يالغۇز كىم بىلەن.

چاقماق ئوتى تاققا چۈشتى،
تاغ يېرىلغاندا چىقار.
ئىككىمىزنىڭ ئاشىقلىقى
تاكى قىيامەتتە چىقار.

## يۆگۈمەچ

بىر چۈنەككە گۈل تېرىدىم،
بىر چۈنەككە يۆگۈمەچ.
يۆگۈمەچتەك قۇرۇپ كەتتىم،
مەن يارىمنى كۆرمىگەچ.

مەن يارىمنى كۆرگەندە،
ئېچىلاي گۈلدەككىنە.
پەشلىرىنى قىستۇرۇپ،
خىزمەت قىلاي قۇلدەككىنە.

## لېۋى سۈزۈگۈم

سۆگەتنىڭ سايىسىدا،
قالدى ئۈزۈگۈم.
قايىقتىن چىقىپ كەلدىڭ،
لېۋى سۈزۈگۈم.

لېۋىڭنى ئەينەكتە قاراپ
كۆرگۈم كېلىدۇ.
شېكەر لېۋىڭدىن شوراپ،
سۆيگۈم كېلىدۇ.

## رازىمەن

قول ياغلىقىڭ بوينۇمدا،
تۇمار قىلىپ تۇرغۇلۇك.
سەن بەرگەچكە ئامرىقىم،
بۇنى ماڭا ئۆمۈرلۈك.

سېنى يارىم بىر كۆرۈپ،
كۆرسەم ھەدېلى كۆرگۈلۈك.
ئۆلۈپ كەتسەم رازىمەن،
ھامان بىر كۈن ئۆلگۈلۈك.

## يار ئوتى

ئېتىمنى قويۇپ بەردىم،
يېڭى چىققان قىياقتا.
يار ئوتى شۇنداق بولسا،
چىقىپ كېتەي يىراقتا.

يارىم ئوما ئورۇزۇپتۇ،
چېچى بەلدە تولغىنىپ.
يار دەردىدە يىغلايمەن،
كېچە - كۈندۈز مۇڭلىنىپ

## سۆيسەڭچۇ مېنى

گۈل غۇنچىسى ئېچىلغاندەك،
لەۋلىرىڭ سېنىڭ.
قايناپ تۇرغان بۇلاقتەك،
كۆزلىرىڭ سېنىڭ.

يېڭى تۇتقان ئويماقتەك،
ئېغىزىڭ سېنىڭ.
ئۆمرۈم ئۆتتى سېنى يارىم،
سۆيەلمەي مېنىڭ.

ئىشقى ئوتى تۇتاشتۇرۇپ،
كۆيدۈردۈڭ مېنى.

جىلۋە قىلىپ نازىڭ بىلەن،
ئۆلتۈردۈڭ مېنى.
رايىڭ بىلەن باغ - باغ ئېتىپ،
قۇچساڭچۇ مېنى.
بېقىپ خۇما كۆزلىرىڭدە،
سۆيسەڭچۇ مېنى.

بېقىپ خۇما كۆزلىرىڭدە،
سۆيمىسەڭ ئەگەر،
ئىشق ئوتىدا قىينىماستىن،
كۆمسەڭچۇ مېنى.

توپلىغۇچى تۇرسۇن زېرەدىن




ئابدۇراخمان ئەبەي

بالىلار ئويۇنلىرى — ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مول ۋە مۇھىم بىر ژانىر، شۇنىڭدەك ئۇ ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى، ئېتنوگرافىيىسى ۋە مىللى خاراكتېرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن مىللى مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ بىر سەھىپىسى. بۇ ئويۇنلار ئاتا - بوۋىمىزدىن بىزگە، بىزدىن بالىلىرىمىزغا يالداما بولۇپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەشتە بىر خىل سەنئەت مەكتىپىنىڭ رولىنى ئۆتىمەكتە. شۇڭا ئۇنى توپلاش ۋە رەتلەش خېلى بۇرۇنلا باشلانغان ئىدى. 11 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا يىگىرمىدىن كۆپ بالىلار ئويۇنىغا ئىزاھ بېرىپ ئۆتكەن ئىدى. بۇ ئويۇنلار ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى، مىللى ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئېتنوگرافىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 1. بالىلار ئويۇنلىرى — ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي تەنتەربىيە شەكلى

تارىختىن بۇيان چېلىشىش، ئات بەيگىسى، سارغايدى، داۋازلىققا ئوخشاش خىلمۇ - خىل تەنھەرىكەت شەكىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان مەزمۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. بالىلار ئويۇنلىرىمۇ مۇشۇ خىل پائالىيەتلەرنىڭ بىر خىل شەكلى. كۆپىنچە، بالىلار ئويۇنلىرى جىسمانىي ۋە ئەقلىي تەرەپتىن بەسلىشىشنى شەرت قىلىدۇ. بۇنداق ئويۇنلار كۈلكىلىك ۋە قىزىقارلىق بولىدۇ. «ئاق تېرەك، كۆك تېرەك» دېگەن ئويۇندا بالىلار ئىككى رەتكە بۆلۈنۈپ، 20— 30 مېتىر ئارىلىق تاشلاپ، بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى تۇرىدۇ. ئاندىن A رەتنىڭ بالىلىرى B رەتكە قاراپ توۋلايدۇ.

A: ئاق تېرەك، كۆك تېرەك.
بىزدىن سىزگە كىم كېرەك.
B: باتۇر- باتۇر قىز كېرەك.
A: قىزنىڭ ئىسمى كىم بولۇر؟
B: قىز ئىسمى مەلىكەم.
A: كىچىك يەتسە ئال كېلىپ،
سېپىمىزنى سەن يېرىپ.

شۇنىڭ بىلەن B رەتنىڭ بېشىدا تۇرغان بالا A رەتنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. A رەتتىكى بالىلار ئالقانلىرىنى ئېچىپ تۇرىدۇ. B رەتتىن كەلگەن بالا بىر بالىنىڭ قولىغا بىرنى ئۇرىدۇ- دە، كەينىگە يېنىپلا قاچىدۇ. قولىغا ئۇرۇلغان بالا ئۇنى قوغلايدۇ. ھەر ئىككى رەت ئۆز سەپداشلىرىغا مەدەت بېرىپ توۋلايدۇ، مەيدان جىددىيلىشىدۇ... B رەتنىڭ بالىسى تۇتۇق بەرمەي ئۆز سېپىگە يېتىۋالسا، غەلىبە قازىنىپ ھېلىقى بالىنى ئۆز سېپىگە قېتىۋالىدۇ. تۇتۇلۇپ قالسا بوۋاشلىق بىلەن A رەتكە بېرىپ قېتىلىدۇ. بۇ ئويۇن بالىلاردىن قىسقا نىشانغا ئەڭ تېز سۈرئەتتە يۈگۈرەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

قارىغا ئېلىش، چەنلەپ ئۇرۇش، دەل تەككۈزۈش — بالىلار ئويۇنلىرىدىكى ئاساسىي ماھارەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئويۇنلار بالىلاردا جىددى بولۇش، قەتئىي بولۇش، قىرقىماسلىقتەك ياخشى خىسلەتلەرنى يېتىلدۈرىدۇ. «قارا - قارا قۇشلارىم» ئويۇنىدا مۇھاسىرە سىزىقىنى بۆسۈپ، قارشى پەلىگە ئاتلانغان بالىنى قارشى تەرەپ پومزەك بىلەن ئۇرىدۇ. چەبدەسلىك بىلەن

تېز سۈرئەتتە يۈگۈرەۋاتقان بالىنى چەنلەپ توپ تەككۈزۈش يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. «ئوردىكام» ئويۇنىدا ھەر بىر بالا ئۆز ئوردىكىنى كالتەك بىلەن مۇھاپىزەت قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئوردىكىغا توپ چۈشۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. بۇ ئويۇنمۇ تېز نىشانلاش ۋە چەبدەسلىك تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ ھەرىكىتى جانلىنىپ، قان ئايلىنىشى تېزلىشىدۇ. نەپەس ئېلىش سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارى ئۆسۈپ، ماددا ئالمىشىش تېزلىشىدۇ. ھەر قايسى چوڭ مۇسكۇللارنىڭ كۈچى ئاشىدۇ. ئويۇندىكى جىددى ھەرىكەتلەر بالىلارنىڭ ئالىي نېرۋا پائالىيىتىنى راۋاجلاندۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە تەنتەربىيىنى كەڭ راۋاجلاندۇرۇشتىكى توپ مۇددىئامىز مانا مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بالىلار ئويۇنلىرىنى — ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائى تەنتەربىيە شەكلى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

## 2 . بالىلار ئويۇنلىرى — رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى

بالىلارمۇ كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى. رېئال تۇرمۇش بالىلاردا ھەۋەس قوزغايدۇ. ئۇلار ئۆز ئەتراپىدىكى تۇرمۇشقا قىزىقىدۇ. ھەممىنى بىلگۈسى، دورىغۇسى كېلىدۇ. بالىلارمۇ چوڭلارغا ئوخشاش ھەر خىل پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، بالىلار جىسمانىي ۋە ئەقلىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە بىۋاستە قاتنىشالمايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى دوراپ خىلمۇ-خىل ئويۇنلارنى شەكىللەندۈرىدۇ. قىزلار ئادەتتە ئويۇنچۇق ئۆيلەرنى ياساپ، مېھماندارچىلىق ئوينايدۇ. ئوغۇللار ئىككىگە بۆلۈنۈپ بىر-بىرىگە جەڭ ئېلان قىلىدۇ. ياكى ئەرلەر قىلىشقا تېگىشلىك ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى دورايدۇ. «نۇسرەت» دېگەن ئويۇن خەلق ئىچىدىكى بالىلار نۇسرەتنى پادىشا قىلىپ، داۋا-دەستۇر سوراپ ئويناۋاتقاندا، بىر بالىنى تالىشىپ چاپلىشىپ سوقۇشۇۋاتقان ئىككى ئايالنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئەھۋال ئۇقسا: بىر بوۋاق بالىنى ئىككىلا ئايال مېنىڭ بالام دەيدىكەن، ئۇلار پادىشاغا داۋا قىلىپ بارسا، پادىشا بالا كىمنى ئەمسە، بالا شۇنىڭ بولىدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتۇ. ئەمما، بوۋاق قايسى ئايال ئەمچەك سالسا ئېمىۋېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاياللار يەنە سوقۇشۇپتۇ. بالا پادىشا بۇ ئىككى ئايالغا: «بالىنى مەن يىغلىتىمەن، شۇ چاغدا كىم يىغلىماي تاقەت قىلىپ تۇرالىسا بالا شۇنىڭ بولىدۇ» دەپتۇ-دە، بوۋاقنى چىمدىپ قىقىرىتىپ يىغلىتىشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى ئىككى ئايالنىڭ بىرى «بالامنى يىغلاتما» دەپ ۋارقىراپ يىغلاپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا بالا پادىشا نۇسرەت: «ئانا ھەرقانداق چاغدا ئۆز بالىسىنىڭ يىغىسىغا چىدىمايدۇ» دەپتۇ-دە، بالىنى ھېلىقى ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغلاپ كەتكەن ئايالغا بېرىپتۇ. مانا بۇ خىل پائالىيەت بالىلارنىڭ ئىستىتىك ئارزۇسىنى قانائەتلەندۈرەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىلار ئويۇنلىرى چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە.

ئۇيغۇرلار كۆچمەنلىك، ئوۋچىلىق ھاياتىدىن ئەڭ بۇرۇن چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق كەسپىگە ئۆتكەن مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئەمما خەلق ئاللىقاچان ئۇنتۇلغان دەۋر، ۋەقەلەر ھەمدە ئىپتىدائى جەمئىيەتنىڭ بەزىبىر ئىپادىلىرى يەنە شۇ بالىلار ئويۇنلىرىدا تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. بالىلار ئاي قاراڭغۇسىدا ئوينايدىغان «كۆك ياغاچ» ئويۇنىدا سەركەردە بالا باشقا بالىلار كۆزىنى يۇمۇپ تۇرغاندا بىر غېرىچ بالىچۇق ياغاچنى ناھايىتى تەستە تاپقىلى بولىدىغان بىر يەرگە ئاتىدۇ. قالغان بالىلار ياغاچنىڭ يەرگە چۈشكەن چاغدىكى ئاۋازىنى نىشان قىلىپ ئۇنى

ئىزلەيدۇ. بالىچۇق ياغاچنى ئەڭ بۇرۇن تېپىۋالغان بالا باشقىلارغا تارتتۇرۇپ قويماي، پەللىنى ساقلاپ تۇرغان سەركەردىگىمۇ تۇتۇق بەرمەي پەللىگە ئېلىپ كىرەلىسە سەركەردە بالا ياغاچنى ئېلىپ بالىنى ھاپاش قىلىپ كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ تەرىپىگە (ياكى ئۇ تامدىن بۇ تامغا) ئاپىرىپ ئەكىلىدۇ. شۇنىدىن كېيىن ھىلىقى بالىچۇق ياغاچنى تېپىۋالغان بالا سەركەردە بولۇپ، ئويۇن يېڭىدىن باشلىنىدۇ. مانا بۇ ئويۇندىكى پائالىيەتلەر كوللېكتىپ ئۇيۇشچانلىق قىلىدىغان، كىم ئۇ غەنىمەتكە ئېرىشسە، شۇ خوجايىن بولىدىغان ساددا ئىپتىدائىي تۇرمۇش كارتىنىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ.

ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي ھادىسە بالىلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا تەسىر قىلىدۇ ھەمدە ئىز قالدۇرىدۇ. بۇ خىل ھادىسە بالىلار ئويۇنلىرىدا دوراش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: «دۇم-دۇم ئويۇنى»دا بالىنىڭ بېشىنى يۆركەپ دۇمبىسىگە ئۇرۇۋاتقان دادا بىلەن تاياق بالا ئوتتۇرىسىدا مۇنداق قوشاق ئېيتىلىدۇ:

— دۇم - دۇم - دۇم ...
— لەۋەي، لەۋەي!
— ئاپاڭ نەدە؟
— سامانلىقتا.
— نىمە قىلىۋاتىدۇ؟
— ئاش ئېتىۋاتىدۇ.
— ماڭا قېنى؟
— تاختا بېشىغا ئېلىپ قويسام قاغا چوقۇلاپ كېتىپتۇ.

بۇ ئويۇندا زالىملارنىڭ ئەمگەكچى خەلقنى ناغرىنى كومىشتىقاندەك ئۇرۇشى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ خاراپلىشىپ سامانلىققا كىرىپ قالغانلىقى، شۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بىچارىلەرنىڭمۇ ئازغىنە ئوزۇقىنى يەنە شۇ زالىملار تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغانلىقى ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئادەمنىڭ خاراكتېرى كىچىكىدىن يېتىلىدۇ. شۇڭا كۆپىنچە بالىلار ئويۇنلىرى بالىلارنى راستچىل - سەمىمىي بولۇشقا، مېھنەتنى، ئەمگەكنى سۆيۈشكە دەۋەت قىلىدۇ. «پەن تاتۇر» ئويۇنىدا ئىككى بالا تاپىنىنى بىر بىرىگە تاقاپ ئولتۇرۇپ، بىر بىرىنىڭ قولىنى تۇتىدۇ - دە، ياغاچچىلارنىڭ تاختاي تىلىش ھەركىتىنى دوراپ مۇنداق قوشاق ئېيتىدۇ:

غارت - غۇت پەن تاتۇر،
پەننى ئىككىمىز تەڭ تاتۇر.
ئىشلىمىگەن خار بولۇر،
ئىشلىگەنلەر باي بولۇر.

«خۇشتازىم»، «بىر قولۇم»، «ئىلگىرتاق - تاق» ئويۇنلىرىدىمۇ مۇشۇ مەزمۇننى مەقسەت قىلىدۇ. مۇنداق تۇرمۇش تەسىراتلىرىدىن ئېلىنغان ئويۇنلارنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى كونكرېت، ئوبرازلىق ھالدا ئۆگىنىۋالىدۇ ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىشتىراكچىسى بولۇش ئارزۇسىنى قاندۇرالايدۇ.

## 3. بالىلار ئويۇنلىرى بالىلارنى ئىنتىزامغا، ئۆملۈككە دەۋەت قىلىدۇ

بالىلار يەككە ئويۇندىن لەززەت ئالالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپىنچە ئويۇنلار كوللېكتىپ ئوينىلىدۇ. شۇڭا ئويۇن ئوينىغۇسى كەلگەن بالىلار كوچىغا چىقىپلا مۇنداق بىر قوشاقنى توۋلايدۇ:

ئاق تاش، كۆك تاش،
دەريا بويى سۈزۈك تاش.
سېنىڭ بىلەن مەن ئاداش —
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟

شۇنىڭ بىلەن بالىلار تەرەپ - تەرەپتىن يۈگۈرۈپ چىقىدۇ - دە، ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئويۇننى باشلايدۇ. ئويۇن باشقۇر-

ئۇچى ياكى ئاساسلىق رولچى زورلۇق ياكى ئىمتىياز بىلەن ئەمەس، چەك تاشلاش (بۇ يوشۇرۇلغان بىر نەرسىنى ئىزدەشنى شەرت قىلىدۇ) ياكى سانىشىپ ساناش ئارقىلىق سايلاپ چىقىلىدۇ. شۇنداقلا ھەربىر بالا ئويۇن ئويناش جەريانىدا ئۆز ئۈستىگە ئالغان كۆرسىتىشنى خۇددى سەھنىدىكى ئارتىسقا ئوخشاش ئىخچىل راستتەك ئەكس ئەتتۈرۈشكە كۈچىنىدۇ ھەمدە باشقىلار بىلەن بىردەك بولۇشقا تىرىشىدۇ. مانا بۇ بالىلاردا دەسلەپكى قەدەمدە كوللېكتىۋىزملىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. ئويۇن قائىدىلىرى بولسا ئۇلارنى ئىنتىزامغا دەۋەت قىلىدۇ. بۇ قائىدە-ئىنتىزاملار چوڭلار تەرىپىدىن ئورنىتىلماستىن، بۇنى تەبىئى ھالدا شۇ ئويۇننىڭ ھەركەت قائىدىسى ۋە بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن: «قارا- قارا قۇشلارىم» ئويۇنىدا ئانا بېشى ئۆزىنىڭ كەينىدە قاتار تىزىلغان بالىلارنى ئۆز رەقىبىدىن توخۇ چۈجىلىرىنى ساردىن قوغدىغانىدەك قوغدايدۇ. بالىلارنىڭ پۈتۈن ھىسسىياتىدىمۇ سەپتىن چىقىپ قالسام «سار» يەپ كېتىدۇ دىگەن پىكىر بولغاچقا، بىر- بىرىنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلىپ ئانا بېشىغا قىزىرىق بولۇپ ئەگىشىدۇ.

نۇرغۇن ئويۇنلار بالىلارنى دوستلۇققا، ھەمكارلىشىشقا چاقىرىدۇ. مەسىلەن: «بىر قولۇم» ئويۇنىدا مۇنداق قوشاق ئېيتىلىدۇ:

بىر قولۇم،
بىر - بىر قولۇم.
ئاغرىيدۇ،
ساغرىيدۇ
ھەربىر قولۇم.
— ئۆتتۈم قولۇڭنى،
ئەمدى يۈرگىنە.
— ۋاي نەگە؟
— ئوما ئوردىغان يەرگە.
— نېمە قىلىمىز؟
— مەن ئوردىمەن.
سەن باغلايسەن.

بالىلار، كىشىلىك تۇرمۇشتا تەقلىد قىلىنغان بۇ ئويۇنلار ئارقىلىق بىر- بىرىنى دوستلۇققا چاقىرىدۇ، ئۆزئارا ھەمكارلىق ئورنىتىدۇ ھەمدە كوللېكتىۋىزملىق كۈچىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھىس قىلىپ يېتىدۇ.

## 4. بالىلار ئويۇنلىرى — بالىلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئاچىدىغان دەرس

زور كۆپچىلىك بالىلار ئويۇنلىرىنىڭ كەشپىياتچىسى — بالىلاردۇر.

بالىلار ئۆزى يېڭىدىن قەدەم بېسىۋاتقان ھاياتنى — بالىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، بالىلار بىلەن ئاتا- ئانىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە بىر پۈتۈن جەمىيەتتىكى ئىجتىمائى مۇناسىۋەتنى دوراپ ئويناش ئارقىلىق تونۇپ يېتىدۇ. شۇڭا ھەربىر بالا ئۆزى قاتناشقان ئويۇندا ھەم ئۇستاز، ھەم شاگىرت، ھەم ئارتىس، ھەم تەڭ ھوقۇقلۇق ئىشتىراكچى بولۇپ قاتنىشالايدۇ. ئۇلار كۆرگەن، ئاڭلىغان قىياس قىلغان ئىشلىرىنى ئۆز ئويۇنلىرىدا دوراش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بولۇپمۇ تېپىشماق خاراكتېرلىق ئويۇنلار بالىلارنى پىكىر قىلىشقا، ئىزلىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ. مەسىلەن: «ئۇچتى، ئۇچتى» دا ئويۇننى باشلىغان بالا ناھايىتى تېز قىلىپ بىردە ئۇچىدىغان، بىردە ئۇچالمايدىغان نەرسىلەرنى «ئۇچتى» دەپ توۋلايدۇ. (ئۇچتى، ئۇچتى كەپتەر ئۇچتى؛ ئۇچتى، ئۇچتى ئېشەك ئۇچتى دىگەندەك) ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بالىلار ئۇچىدىغان نەرسىنى «ئۇچتى» دەپ قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇشنى دورىشى؛ ئۇچالمايدىغان نەرسىنى «ئۇچتى» دىمەسلىكى ھەم قول كۆتەرمەسلىكى كېرەك. مانا بۇ بالىلارنىڭ بىلىمىنى مۇستەھكەملەش ۋە بېيىتىشقا، سۆزلەش ۋە تەساۋۋۇر قى-

لىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا، بالىلاردا دەسلەپكى قەدەمدە مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە تېز جاۋاپ بېرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا مەشغۇلات زەمىنىنى ھازىرلايدۇ.

بالىلار ئۆزلىرى ئىشلىگەن ئىشنىڭ ھەممىسىنى راست دەپ تەساۋۋۇر قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەربىر قېتىم ئويۇن ئويناشتا ھامان ئۆتكەندە ئېرىشكەن تەسىر ۋە بىلىملىرىنى ئەسلەيدۇ، تەھلىل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئويۇننىڭ تۈزۈلۈشى ۋە راۋاجلىنىش جەريانىنى تاپىدۇ. ئۇنىڭغا قانداق ئويۇنچۇق، قانداق ماتېرىياللارنىڭ كېرەك بولىدىغانلىقىنى ئەسلەيدۇ. بولۇپمۇ ئويۇن جەريانىدا بالىلار يەنە تىل ئارقىلىق ئالاقىلىشىدۇ ھەمدە ئويۇن ئۈستىدە سادىر بولغان مەسىلىلەرنى مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈپ ھەل قىلىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بالىلارنىڭ پىكىر قىلىش ۋە تىل ئىقتىدارىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ ئەقىل بۇلىقىنى ئاچىدۇ.

ھازىر بالىلار ھاياتى تېخىمۇ زور ئىمكان بىلەن تەمىن ئېتىلدى. رادىئو، تېلېۋىزورلاردىكى ھەرخىل ئويۇن ۋە تەنتەربىيە تۈرلىرى بالىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا، مەكتەپلەردىكى پىئونېرلار پائالىيىتى ئۇلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى تېخىمۇ بېيىتماقتا. مانا بۇ بەختىيار ھايات ۋە مەدەنىي دەۋر بەزىبىر ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرىدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى.

ئەمما بالىلار ئويۇنلىرىدىكى ئەڭ ياخشى نەمۇنىلار ھېلىمۇ مەھەللە - كوي، بالىلار باغچىلىرى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوينىلىپ كەلمەكتە ھەمدە يېڭىچە تۈس ئېلىپ تېخىمۇ بېيىماقتا. شۇڭا بىز بالىلار قەلبىدە ئەڭ دەسلەپكى قەدەمدە ھاياتقا نىسبەتەن قىزىقىش ۋە مۇھەببەت ئويغىتىدىغان بۇ ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكلىنى تولۇق توپلاپ تەتقىق قىلىشىمىز ھەمدە بۈگۈنكى دەۋرگە ماسلاشتۇرۇپ تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. چۈنكى، بالىلار ئويۇنلىرى — بالىلار ياشاۋاتقان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۆزگەرتىشكە چاقىرىلغان دۇنيانى بىلىش يولىدۇر.

(بېشى 76 - بەتتە)

رەنجىمىسىمۇ ھېلىقى چارساقال كىشى ۋە سېمىز خوتۇن جەزمەن رەنجىمەيدىغان بولدى دېگەن ئوي بىلەن ئۇلارغا كۆز تاشلىدىم. بىراق ئۇلارنىڭ چىرايىدا خۇشاللىقتىن ئۆزگە ھېچقانداق غەيرى ئىپادە كۆرمىگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن رەنجىمىگەنلىكىنى ئويلاپ يېتەلمىدىم ۋە ئاخىرىدا «مەن تېخى ياش، بەلكى تۇرمۇشنىڭ بۇ تەرىپىنى ئۇقمىسام كېرەك» دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئاللىقاچان قارىسى يوقىغان بىر ئائىلە كىشىلىرى كەتكەن تەرەپكە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چارساقال كىشىدىن سورىدىم.

— ئاكا، سىلىنىڭ بۇ ئائىلە بىلەن تونۇشقانلىقلىرى بارمۇ؟ ئۇ بەرۋاسىز ھالدا جاۋاپ بېرىپ «يوق» دېدى. مەن يەنە «ئۇنداقتا كونا تونۇشلاردىن بولسىلا كېرەك» دەپ سورىۋىدىم ئۇ يەنە قىسقىلا قىلىپ «بۈگۈن ئەتىگەندىلا تونۇشتۇم» دەپ جاۋاپ قايتۇردى.

ھەممە قىياسلىرىم يوققا چىقىپ ھەيرانلىقىم يەنە ھەسسىلەپ ئاشقاندا «ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ئىشى ئۈچۈن شۇنچىلىك كۆيۈپ - پىشىشتىن نېمە پايدا» دېگەن سۆز ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قاپتىمەن. چارساقال كىشى، سېمىز ئايال ۋە باشقا يولۇچىلار گېپىمدىن تولىمۇ ئەجەبلەنگەن بولسا كېرەك، كۆزلىرىنى چوك - چوك ئېچىپ چىرايىمدىن بىر نەرسە كۆرمەكچى بولغاندەك بىر ھازا تىكىلىپ قاردى - يۇ گەپ قىلمىدى.

ئاپتوبۇسنىڭ زاپچىسىمۇ ئالماشتۇرۇلۇپ بولدى. بىز يەنە بېكەتتىن چىقتۇق. شۇنىسى قىزىق ئىدىكى بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ كەيپىياتى ئەتىگەنكىگە زادىلا ئوخشىمايتتى.

كىشىلەر قىزىق - قىزىق گەپلەر بىلەن چاقچاق قىلىشىۋاتاتتى. ئىككى سائەتلىك ۋاقىتنىڭ بوشقا كەتكىنىگە خۇشال بولغاندەك ناخشا ئېيتاتتى، كۈلۈشەتتى.




(تارىخى ئوبزور)

نىزامىدىن ھۈسەيىن

## سوپىزىم شىنجاڭدا

سوپىزىمنىڭ تۈپ غايىسى، ئىنسانلارنى تەركى دۇنيالىققا باشلاپ، دىن ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز ئىبادەت قىلىشقا، رىيال دۇنيادىن، ئىجتىمائى تۇرمۇشتىن يۈز ئۆرۈپ ئاخىرەتتە (خىيالى دۇنيادا) كۆرىدىغان «راھەت»نىڭ غېمىنى قىلىشقا چاقىرىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ غايە - ئىنسانلارنى ئىلاھى كۈچ ئىختىيارىدىكى پاسسىپ مەخلۇق سۈپىتىدە تونۇپ، ئۇلاردىكى بارلىق ئىجتىمائى غايىلەرنى (ئىنسانىي مۇھەببەت، ئەقىل - پاراسەت، كۈرەش، زىددىيەت، ئىلىم - پەن، ۋەتەن، خەلق، ئىنسان، قىسقىسى ئىنسانىيەت ئالىمىدىكى بارلىق رىياللىقنى) ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايدۇ، بەلكى قاتتىق مەنئى قىلىدۇ، چەكلەيدۇ.

بۇ ئېقىم ئەرەبىستانلىق بەنى ئۇبۇھاشىم، زۇننۇن مىسىرلەر تەرىپىدىن 8 - ئەسىردە كەشىپ قىلىنغان، شام ئارقىلىق قۇددۇس (ئېرۇسالىم)، يەمەن، مىسىر، ئىران، ئىراق، مەككە - مەدىنە ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا بالدۇر تارقالغان. تەخمىنەن 13 - 14- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىرانلىق شېيخ ھەبىبى، ئەبۇھەپسى بۇخارى قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئاسىياغا تارقالغان. كاسانلىق (ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ كاسان ۋىلايىتى) سەئىد جالالىدىن ئىشاننىڭ ئوغلى خوجا ئەخمەت كاسانى (مەختۇم ئەزەم) قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مەشھۇر چوڭ روھانىلار تەرىپىدىن شىنجاڭغا تارقىتىلغان ۋە كېڭەيتىلگەن.

مەختۇم ئەزەم 15 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەرگە كېلىپ پۈتۈن قەشقەرىيىنىڭ (جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ) ھەممە چوڭ شەھەرلىرىگە ھىجرەت (سەپەر) قىلىپ، بارغانلا يەرلىرىدە سوپىزىمنى كەڭ تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاخىرى قەشقەردە ئۆزىنى ۋەلى (ئەۋلىيا) دەپ ئېلان قىلىدۇ. قەشقەرنىڭ يەرلىك مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلىرى ئۇنى ئەتىۋالاپ «پىر» تۇتۇشىدۇ. بىر قىسىم روھانى جامائەتچىلىك ئىچىدە ئۇنىڭغا قول بېرىپ مۇرىت بولۇش، ئەگىشىش، دۇئاسىنى ئېلىش ئەدەپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەشقەرىيىدە «مەختۇم ئەزەم يولى» پەيدا بولىدۇ.

مەختۇم ئەزەم مىلادى 1456 - يىلى ئىمام مۇھەممەت يىزالىدىن تەرىپىدىن ئاقسۇدا تەشكىل قىلىنغان كۆسەن (كۇچار) ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىنى، كېيىنرەك ئاقسۇ، يەكەنلەرنىڭ، ئاخىرىدا پۈتۈن قەشقەرىيىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتىنى قولغا كىرگۈزۈۋالىدۇ. مانا شۇ چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە بۇخارا ئەترابلىرىدىن مەختۇم ئەزەمنىڭ مۇخلىسلىرى سۈپىتىدە بىر قىسىم سوپى، دىۋانىلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ قەشقەرىيىگە كۆچۈپ كېلىپ، كۆپىيىشكە باشلايدۇ. باشلىرىدا كۇلا، ئۈچىسىغا جەندە كىيىشىۋالغان

سىپايىلىق (ساپايىلىق)، يەنجى يۇ دىگەن دەرۋىش، دىۋانە - قەلەندەرلەر قەشقەرىيەنىڭ ھەممە شەھەر، بازار، يېزا - قىشلاقلىرىدا يامىرىشىپ، پۈتۈن قەشقەرىيە زېمىنىدا سوپىزىمنىڭ يارىماس غايىلىرىنى تەرغىپ ۋە تەشۋىق قىلىشىدۇ. ئۇلار يەرلىك مۇسۇلمانلاردىن «خۇدا - روسۇل يولىدا ئۆزىنى ئاتىغۇچى پىداكار مۇرىت، يارانلار» نى تېپىپ ۋە كۆپەيتىپ، ئۆز سەپلىرىنى كېڭەيتىشىدۇ. مەختۇم ئەزەمنىڭ ئوتتۇرا قاتلام مۇخلىسلىرىمۇ قەشقەرىيەنىڭ بارلىق ئىلىم - مەرىپەت ئورۇنلىرىنى، دىنىي ۋە جامائەت مۇئەسسەسەلىرىنى دىيەرلىك ئىگەللەپ، ئۆزلىرىنىڭ يولسىز ئەقىدىلىرىنى تارقىتىدىغان سوپى- ئىشانلىق ئورۇنلىرىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشىدۇ.

مىلادى 1514- يىلى 8- ئاينىڭ 21- كۈنى يەكەننى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان سەئىد خانلىقى (سەئىدىيە خانلىقى) نىڭ تۇنجى قېتىم بارلىققا كېلىشى بىلەن شىنجاڭ زېمىنىدا سوپىزىم يەنىمۇ ئۇلغىيىپ كېتىدۇ. سۇلتان سەئىدخان شۇ يىللاردا يەكەنگە پەيدا بولغان خوجا مۇھەممەت ئەبەيدۇللا ئوغلى خوجا مۇھەممەت ئابدۇللا (ئىشان) غا مۇرىت بولىدۇ ھەم سوپىلىقنىڭ ئىبادەت مەشغۇلىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر قانچە ۋاقىتتىن كېيىن سەمەر قەنتتىن خوجا مۇھەممەت ئابدۇللا بىلەن چوڭ ئاكىسى خوجا خاۋەندە مەخمۇتمۇ يەكەنگە كېلىدۇ. خوجا مۇھەممەت ئابدۇللا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سۇلتان سەئىد خان خوجا خاۋەندە مەخمۇت بىلەن خوجا ئەخرارنىڭ نەۋرىسى خوجا مۇھەممەت ئىمىن ئىشانغا قول بېرىدۇ.

سۇلتان سەئىدخان 19 يىل خانلىق قىلغاندىن كېيىن، 1533- يىلى تىبەتكە قىلغان ھەربىي يۈرۈشتە ئىسلاپ كېتىپ شۇ يىلى يەكەندە ئۆلىدۇ. ئورنىغا ئوغلى ئابدۇرېشىتخان خانلىققا ئولتۇرۇپ 27 يىل خانلىق قىلىدۇ.

ئابدۇرېشىت خان خانلىق قىلىۋاتقان ئاخىرقى مەزگىللەردە خوجا - ئىشانلارنىڭ دىنىي، روھىي بېسىمى ئاستىدا ئاخىرى سوپىزىمنىڭ شىنجاڭغا كېلىۋالغان ئاساسلىق ۋەكىلى، ئىرانلىق مۇھەممەت شېرىپ خوجىغا قول بېرىپ، مۇرىت بولىدۇ ھەم ئۇنى دۆلەتنىڭ «شەيخۇل ئىسلامى» قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدا كىرىپ مازاركەزدىلىككە، ئىشانلىق ئىبادىتىگە بېرىلىپ كېتىدۇ. پۈتۈن ئەلدە سوپى-ئىشانلىق يەنىمۇ يامراپ كېتىدۇ. ۋىلايەتلەردە قازىخانىلار تەسىس قىلىنىدۇ. سوراقخانىلار قۇرۇلىدۇ. بارا - بارا ئابدۇرېشىتخاننىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك، تەرەققىپەرۋەرلىك غايىلىرى خوجا-ئىشانلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.

مۇھەممەت شېرىپ ئىشان ئابدۇرېشىتخاننىڭ خوتۇنى — مەشھۇر مۇقامشۇناس ئامانىساخان بىلەن ئۇنىڭ ئۇستازلىرى قىدىرخان قاتارلىق مۇزىكا ئالىملىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى «كۇپۇرلۇق» ئەيىبى بىلەن ئەيىپلەيدۇ، پەتىۋا چىقىرىپ ئامانىساخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. (ئامانىساخان 1556-يىلى تۇغۇتتا يەكەندە ۋاپات بولغان) زىددىيەت كەسكىنلىشىدۇ. ئاخىرى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن مۇھەممەت شېرىپ ئىشان ئابدۇرېشىتخاننى جەددىتلىكتە ئەيىپلەپ، ئۇنىڭ ئوغلى- يېڭىسار ھاكىمى ئابدۇكېرىمخاننى (ئابدۇكېرىمخان مۇھەممەت شېرىپنىڭ شاگىرتى، مۇھەممەت ۋەلى ئىشانغا مۇرىت ئىدى) ئۆز دادىسىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىدۇ. لېكىن بۇ سۇيىقەست ئىشقا ئاشماي، ئىشانلارنىڭ قىلمىشلىرى پاش قىلىنىدۇ. ئابدۇرېشىتخان بۇلارنى جىمىقتۇرۇش يولىغا ئۆتكەن بولسىمۇ، ئاخىرى دەرت- ئەلەم ئىچىدە ئۆز مەخسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي مىلادى 1560- يىلى يەكەندە ئالەمدىن ئۆتىدۇ. خوجا- ئىشانلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى، بۆلگۈنچىلىكى ئەدەپ كېتىدۇ. ئابدۇرېشىتخاننىڭ 12 ئوغلى

ئىشانلارنىڭ ئاتاقلىق تىركەشلىرى ئارقىسىدا بىر-بىرىگە قارشى ئىچكى ۋارىسلىق تالىشىش ماجىرالىرىنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ. بۇ ماجىرالارنىڭ ئارقىسىدا بىردىن ئىشان «پىر»لىق قىلىدۇ. خانلىق قىسمەن پارچىلىنىدۇ. خوجا - ئىشانلارنىڭ ھوقۇق، مەنپەئەت ئىگىلەش كۆرەشلىرى كۈچىيىپ كېتىدۇ. لېكىن ئابدۇكېرىمخان دادىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ ھاكىمىيەتنى ئاساسەن تىزگىنلەيدۇ. مانا شۇ پەيتلەردە مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى خوجا ئىسھاق دادىسىنىڭ ئورنىدا ئىشانلىق قىلىپ قەشقەرگە يەنە پەيدا بولىدۇ. دادىسىنىڭ بىر قىسىم قالدۇق مۇخلىسلىرى ئارىسىدا باش كۆتىرىپ، ئۆزىنى «ئىسھاق ۋەلى» (يەرلىك ئەۋلىيا) دەپ ئېلان قىلىدۇ.

ئابدۇكېرىمخان ھوقۇق تۇتقاندىن كېيىن قول ئاستىدىكى ھەر بىر ۋىلايەت، ئايماقلارنى ئۆز جەمەتلىرىگە بۆلۈپ بېرىدۇ. خانلىقنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىدىكى يەرلىك بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەر پەيدا بولىدۇ. خانلىقتىن تارتىپ ھەر قايسى يەرلىك بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا دىنىي نازارەتچى ئەربابلار سۈپىتىدە بىردىن چوڭ خوجا پەيدا بولىدۇ.

بۇ توغرىدا «تارىخىي رەشىدى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «... بىر يىغىندا خوجا ئەبەيدۇللا پىرزۇ بارلاس، ئۆمەر مۇھەممەت ياقۇپ دوغلات باشلىق ئەربابلار ئولتۇراتتى. دەۋاگەر، جاۋاپكارلارنىڭ ئىشى شەرىئەتكە تېگىشلىك بولسا، مۇپتى، قازىلار سورايتتى. ۋەزىرلەرگە تېگىشلىك بولسا، خوجا ئەبەيدۇللا باشلىق ئەربابلار سوراپ ھەل قىلاتتى...» بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى خوجا ئىسھاق قاتارلىق چوڭ ئىشانلارنىڭ نوپۇزلۇق شېرىكلىرىدۇر. دېمەك ئابدۇكېرىمخان ھاكىمىيىتى سوپى-ئىشانلار شېرىكچىلىك قىلىۋاتقان ھاكىمىيەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئاخىرى ئىسھاق خوجا باشچىلىقىدىكى بىر توپ خوجا-ئىشانلار ئۆز مۇرىتلىرى — ئوبۇل بىلەن مۇھەممەت قاسىم (بۇلار ئابدۇكېرىمخاننىڭ نەۋرىلىرى ئىدى) دېگەن كىشىلەرنىڭ قولى بىلەن 1580- يىلى ئابدۇكېرىمخاننى بارچۇقتا (ھازىرقى مارالۋېشىدا) شىكار ئۈستىدە پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ سادىق مۇرىدى قۇرەيشنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى ئىگىلەيدۇ. تارىختا قۇرەيش سۇلتان ھاكىمىيىتى دەپ ئاتالسىمۇ ئەمەلىيەتتە خوجا ئىسھاق ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشىدۇر.

شۇنداق قىلىپ يۇرتىمىزدا نۇرغۇن يىللار داۋامىدا ھەر تۈرلۈك شەكىل ۋە يوللار ئارقىلىق پەيدا بولغان سوپىزىم ئېقىمى چوڭ جاھالەت بوھرانى تېرىقىسىدە ئەجداتلىرىمىزنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئۆزىگە چىرمىۋالىدۇ. شۇنى ھەم ئەسلەش لازىمكى، شۇ زامانلاردىكى مۇسۇلمان ئەجداتلىرىمىزنىڭ قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن «ئاخىرەتنى ئويلاش»، «خۇدانىڭ قۇلى» بولۇش ھېسىياتلىرىمىز يۇرتىمىزدا بۇ يارىماس غايىنىڭ پەيدا بولۇشىغا، يامرىشىغا، تىزگىنلىشىگە سەۋەپ بولغان ئوبيېكتىپ ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

## «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق» لار توغرىسىدا

مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغۇللىرى — خوجا ئىسھاق ۋەلى بىلەن خوجا ئىمامى كالان (خوجا مۇھەممەت ئىمىن ئىشان) لار ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، سوپىزىمنى ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپلىكنى يەنىمۇ كەڭ تارقىتىش ئۈچۈن ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا مۇرىت توپلاشقا باشلايدۇ. بۇلار ئەزەلدىن ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىش يولىدا بىر-بىرى بىلەن زىتلىشىپ كېلىۋاتقان ئاكا ئۇكىلار ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇرىت تالىشىش كۈرىشى كۈچىيىپ كېتىدۇ. خوجا ئىسھاق ۋەلى

بۇ كۆرەشتە ئىنىسى مۇھەممەت ئىمىن ئىشاننى باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق زەھەر ئىچكۈزۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. مۇھەممەت ئىمىن ئىشاننىڭ ئوغلى مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشانمۇ خوجا ئىسھاقنىڭ نەۋرىسى خوجا ئابدۇللا ئىشان تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ كۆرەش خوجا ئىسھاق ۋەلى ئۆلگەندىن كېيىن يەنىمۇ كەسكىنلىشىدۇ. نەتىجىدە قەشقەردىمۇ بىر - بىرىگە قارىمۇ-قارشى چوڭ ئىككى سەپ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. خوجا ئىمامى كالان تەرەپدارلىرى ئۆزلىرىنى «ئىشقىيە»، «داستارلار» دەپ ئاتايدىغان بولىدۇ. خوجا ئىسھاق ۋەلى تەرەپدارلىرىمۇ ئۆزلىرىنى «ئىسھاقىيە»، «مەختۇم زادىلار» دېگەن نام بىلەن ئاتايدۇ. خوجا مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ ئوغلى خوجا ھىدايىتۇللا (ئاپپاق خوجا) بىلەن خوجا ئىسھاقنىڭ نەۋرىسى (خوجا ئابدۇللانىڭ ئوغلى) خوجا ئەبەيدۇللا دەۋرىگە كەلگەندە بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇرىت تالىشىش كۈرىشى قانلىق كۆرەش پەللىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. ھىدايىتۇللا خوجا ئۆز مۇرىتلىرىنى ئىسھاقىيە تەرەپدارلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ھەم ئۆز سېپىنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق بەلگىلەش ئۈچۈن ئۆز مۇرىتلىرىنى ئاق تاقى (ئاق دوپپا) كىيىشكە بۇيرۇيدۇ. بۇ شەرتلىك بەلگىنى «ئىشقىيە»، «داستارلار» سېپىنىڭ مۇقىم بەلگىسى قىلىپ بېكىتىدۇ. خوجا ئەبەيدۇللامۇ ئۆز مۇرىتلىرىنى ئىمامى كالان تەرەپدارلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قارا تاقى (قارا دوپپا) كىيىشكە بۇيرۇيدۇ ھەم بۇ شەرتلىك بەلگىنى ئىسھاقىيە سېپىنىڭ مۇقىم بەلگىسى قىلىپ بېكىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجا ئىمامى كالاننىڭ تەسىرى چوڭراق بولغان قەشقەر كونا شەھەردىن ئارتىپ كورلىغىچە بولغان جايلارنىڭ خەلقلىرى «ئاق تاقىلىقلار»نىڭ تەرەپدارلىرى قىلىپ قويۇلىدۇ. ئىسھاق ۋەلىنىڭ تەسىرى چوڭراق بولغان يەكەن، قاغىلىق، خوتەن رايونلىرىدا قاراشلىق يېزا، كەنت، بازارلارنىڭ ئاھالىلىرى «قارا تاقىلىقلار»نىڭ تەرەپدارلىرى قىلىپ قويۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەمەلدارلاردىن ئارتىپ ئاددىي پۇقرالارغىچە ئىككى قاشقا بۆلۈنۈپ، 2 ئىشاننىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان «ئاق تاقىلىقلار»، «قارا تاقىلىقلار» كۈرىشى ئەۋجىگە چىقىدۇ. («ئاق تاقى»، «قارا تاقى» ئاتالغۇسى، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزىمىز تىلىمىزدىكى ئاھاڭ ئۆزگىرىش خۇسۇسىيىتى بويىچە «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» دېيىلىپ كەلمەكتە).

بۇ ئىككى قاشقا بۆلۈنگەن خوجىلار بارغانسېرى كەسكىن ئېلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىرى بىر-بىرىدىن پەرق قىلمىسىمۇ، قەشقەرىيەنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتى يەنىلا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن بولغان ئىسمايىل خاننىڭ قولىدا بولغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ باشلىقلىرىدىن ۋە دىنىي ئىشلارنىڭ ھوقۇقىنى ئۆز قوللىرىغا مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز-ئارا قانلىق كۆرەشلەرنى زادىلا توختاتمايدۇ.

بۇ چاغدا قەشقەردە ھىدايىتۇللا خوجا ئۆزىنى ئاق تاغلىقلارنىڭ سەردارى، قەشقەرىيەنىڭ دىنىي، سىياسىي ھۆكۈمرانى، ئىسلام دىنىنىڭ پېشۋاسى، يەرلىك ئەۋلىيا دەپ ئېلان قىلىپ، ئۆز ئەتراپىغا قەشقەرىيە ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىن نەچچە ئون مىڭلاپ مۇرىت توپلىغان، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا، بۇخارا، سەمەرقەنت، نەمەنگان شەھەرلىرى بىلەن خوراسان (ئافغانىستان)دىمۇ مۇرىت توپلاۋاتقان چاغلار ئىدى.

بۇ چاغلاردا خوجا ئەبەيدۇللا بىلەن ئوغلى دانىيال خوجىمۇ يەكەندە قارا تاغلىقلارنىڭ باشلىقى سۈپىتى بىلەن ئۆزىنى ئىسلام دىنىنىڭ پېشۋاسى، قارا تاغلىقلارنىڭ سەردارى، يەكەننىڭ دىنىي، سىياسىي ھۆكۈمرانى، «دانىيال ئەلەيھى»، «مىللىي ئەۋلىيا» دەپ ئېلان قىلىپ، ئۆز ئەتراپىغا قەشقەرىيە ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىن ناھايىتى

ئۇرغۇن مۇرىت توپلىغان، ھەتتا ماۋرەئۇننەھرى، كەشمىر، ھىندىستان (ھازىرقى پاكىستان، بېنگال ۋە ھىندىستان) قاتارلىق جايلاردا مۇرىت توپلاش پائالىيىتىدە بولۇۋاتقان چاغلار ئىدى. بۇ ئىككى دىنىي گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بىر دىنىي مەزھەپ، ھوقۇق كۈرىشىلا ئەمەس، بەلكى ھايات-ماماتلىق ئۈچۈن بولۇۋاتقان سىياسىي، ئىجتىمائىي كۈرەش شەكلىگە كۆتۈرۈلگەن ئىدى.

مانا بۇ خوجىلار گۇرۇھلىرىنىڭ خەلقنى پارچىلاش، بىرىنى بىرىگە قارشى قويۇش، يۇرتۋازلىق، تەرىقەتچىلىك، بۆلگۈنچىلىك يولىغا ئىتتىرىش تارىخىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىدۇر.

## ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ قورچاق «ھاكىمىيىتى»

ئاپپاق خوجا كىم؟

ئاپپاق خوجا، خوجا مەختۇم ئەزەمنىڭ نەۋرىسى خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ (تەزكىرىلەردە ھەزرىتى مازار پادىشا دېيىلگەن) نىڭ ئوغلى. ئۇ مىلادىيە 1626-يىلى قۇمۇلدا قەشقەرلىك مىرسەئىد جېلىل خوجىنىڭ قىزى زۇلەيخا بېگىم دېگەن خوتۇندىن تۇغۇلغان. 1638-يىلى دادىسى بىلەن ئىشانلىق قىلىپ قەشقەرگە كەلگەن. 1660-يىلى مەكتىلىك ئوبۇل بەگنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن. 1678-يىلدىن 1694-يىلغىچە 16 يىل قەشقەرديمگە (ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭغا) «خانلىق» قىلغان. 1693-يىلى ئوغلى خوجا يەھيا (خان خوجا) نى بۇيرۇپ (ئۇ، شۇ چاغلاردا ھازىرقى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باش ھۆكۈمرانى ئىدى) قەشقەر شەھىرىنىڭ يېنىدىكى «ياغدۇ» دېگەن جايدا ھازىرقى ئاپپاق خوجا مازىرىنى ياساتقان. 1694-يىلى قارا تاغلىقلارنىڭ سەردارى، ئۆزىنىڭ تاغىسى خوجا ئىسھاقنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن 68 يېشىدا يەكەندە مەخپىي زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن ھەم شۇ يىلى ئۇنىڭ جەسىدى قەشقەرگە يۆتكەپ كېلىنىپ ئۆزى ياساتقان ھازىرقى «ئاپپاق ئەلەيھى» گۈمبىزىگە قويۇلغان.

ئاپپاق خوجا «ھاكىمىيىتى» جۇڭغار ① ھەربىي فېئوداللىرىنىڭ كۈچى بىلەن تىكلەنگەن، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىدە داۋام قىلغان، ئاق تاغلىق خوجىلارنى تۈپ گەۋدە قىلغان، سوپىزىمنى جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيىسىگە ئايلاندۇرغان، ئىنتايىن ياۋۇز، مۇستەملىكە «ھاكىمىيەت» ئىدى.

17-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئالتاينىڭ غەربىي شىمالى تەرەپلىرىدە پەيدا بولۇپ كۈچەيگەن غالدان قونتەيجى باشچىلىقىدىكى جۇڭغار خانلىقى قەشقەرىيىدىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ يۇقارقىدەك ئىچكى زەئىپلىكىدىن پايدىلىنىپ، 1670-يىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالىي ۋىلايەتلىرىنى (ئىلى، قۇمۇل، ئالتاي، ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىرىنى) ئۇرۇش بىلەن بېسىۋېلىپ، ئىلىنى ئۆزلىرىنىڭ مەركىزى قىلىپ ئېلىشقان ئىدى. بۇ چاغلاردا قەشقەرىيە ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق خەۋپىگە دۇچ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. يەكەننى مەركەز قىلغان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ كېيىنكى داۋامى بولغان ئىسمائىل خان باشچىلىقىدىكى قەشقەرىيە خانلىقى كەلگۈسىدىكى بۇ خەۋپكە نىسبەتەن ئەستايىدىل تاقابىل تۇرۇش ھەم جۇڭغارلار بېسىۋالغان ۋىلايەتلەرنى قايتۇرۇۋېلىش يولىدا ئىزدەنمەكتە ئىدى. ماناشۇنداق جىددىي پەيتلەردە ئاپپاق خوجا قارا تاغلىقلارغا زەربە بېرىش بانىسى بىلەن يەكەنگە قوراللىق ھۇجۇم باشلايدۇ. بۇ ھۇجۇم ئەمەلىيەتتە قارا تاغلىقلارغا مەدەتكار بولۇپ كېلىۋاتقان ئىسمائىل خانغا قارىتىلغان ھۇجۇم ئىدى. 1671-يىلى ئىسمائىل خان بۇ ھۇجۇمنى چاقماق تېزلىكىدە تارمار قىلىدۇ.

ئاپپاق خوجا بىر قىسىم شېرىكلىرى بىلەن يەكەندىن قېچىپ، بەدەخشان، كەشمىر، كاسان، پەرغانە، ئىلى ۋە تىبەت (شىزاڭ) قاتارلىق جايلاردا 6 يىل ئىشانلىق قىلىپ ئىسمايىل خانغا قارشى پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئاخىرى 1677-يىلى تىبەتنىڭ پايتەختى لخاسا (لاسا) شەھرىگە بېرىپ، دالاي 5-دىن ئىسمايىل خان ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەربىي ياردەم سورايدۇ. بۇ توغرىدا «تارىخىي نادىرىيە»دە مۇنداق دېيىلگەن:

«مەن مۇسۇلمانلار پىرقىسىنىڭ خوجىسىدۇرمەن. ياركەند، قەشقەر مېنىڭ مۇخلىسلىرىمدۇر. ھالا بىراۋ كېلىپ، مەندىن سويۇپ ئېلىپ، مېنى قوغلاپ چىقاردى. سىزدىن ئىلتىماس قىلادۇرمەنكى، كىشى بۇيرۇپ مېنىڭ يۇرتۇمنى قولۇمغا ئېلىپ بەرگەيسىز...». بىراخمان (دالاي 5-) ئېيتتىكى: «بۇ يەردىن ئۇ يەرگە كىشى بارمىقى بىسيار دىشۋادۇر...» دەپ، ئىلىدىكى قالماقنىڭ تۆرىسىگە (غالدانغا) نامە پۈتتىكى: «... ئەي! بۇ – شۇدىخان خوجا ئاباخ② بىسيار ئۇلۇغ كىشى ئىكەن. بۇنىڭ يۇرتىنى ئىسمايىل خان سويۇپ ئېلىپ، مۇنى قوغلاپ چىقارىپتۇر. كېرەككى ئەسكەر بۇيرۇپ بۇنىڭ يۇرتىنى قولىغا ئېلىپ بەرگەيسىز ۋاللاھ ئىش كامال بولغۇسىدۇر. نامە تامام...».

ئاپپاق خوجا دالاي 5-نىڭ خېتىنى ئېلىپ لخاسادىن كۆككۆل (چىڭخەي)، قۇمۇل ئارقىلىق ئىلىغا كېلىدۇ. بۇ چاغ غالدان باشچىلىقىدىكى جۇڭغار خانلىقى چىڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، ھەتتا «بېيجىڭنى ئالىمىز...» دەپ راسا پو ئېتىۋاتقان چاغلار ئىدى. بۇ چاغلاردا لخاسادىكى لاما ئىبادەتخانىسى جۇڭغارلار بىلەن بارلىق مۇڭغۇل قەبىلىرىنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان دىنىي مەركىزى بولۇپ، ئۇلارنىڭ دالاي لامىغا بولغان دىنىي ئېتىقادى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭغا بويسۇناتتى.

ئاپپاق خوجا دالاي لامىدىن ئەكەلگەن خەتنى غالدانغا تۇتقاندا، غالدان بۇنىڭدىن ئىنتايىن خوش بولۇپ، ئۇنى دالاي ئاتىغان لەقەب بىلەن «ئاباخ» خوجا دەپ چوڭ ئىززەتلەپ كۈتۈۋالىدۇ. چۈنكى ئاپپاق خوجىنىڭ بۇ ئىشى غالداننىڭ قەشقەرىيەنى بېسىۋېلىش ئېھتىياجىغا بېرىلگەن زور ئىلھام ۋە پۇرسەت ئىدى.

غالدان قونتەيجى ئاپپاق خوجىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ئوغلى سىرىن دايدانىنى 12 مىڭ ئەسكەر بىلەن ئۇنىڭغا قوشۇپ، قەشقەرنى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار 1678-يىلى قەشقەردىكى ئاق تاغلىقلارنىڭ ئىچكى تەرەپتىن ماسلىشىشى ئارقىسىدا قەشقەرنى ئىشغال قىلىدۇ. كېيىنرەك يەكەننىمۇ ئىشغال قىلىپ، ئىسمايىل خاننى ئەسىر ئالىدۇ. (بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا غالدان ئىسمايىل خاننى ئۇرۇق-ئەۋلادى بىلەن قوشۇپ ئىلىغا ئاپىرىپ زەھەر ئىچكۈزۈپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئېيتىلغان)، غالدان ئاپپاق خوجىنى ئىسمايىل خاننىڭ ئورنىغا يەكەندە قول ئاستىدىكى «خانلىق»قا «خان» قىلىپ ئولتۇرغۇزىدۇ. لېكىن ئارىدىن 4 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئىسمايىل خاننىڭ ئىنىسى، ئۇچتۇرپان ھاكىمى مۇھەممەت ئىمىن خان 1679-يىلى بۇلارغا قارشى ئۇرۇش باشلاپ، ئۇلارنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. لېكىن ئاپپاق خوجا يەنە ئىلىدىن غالداننىڭ ھەربىي قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ مۇھەممەت ئىمىن خان بىلەن ئۇرۇشىدۇ، ئاخىرى ئىككى تەرەپ سۈلھى تۈزۈپ، مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ سىڭلىسى مۇھتەرەم خېنىمنى نىكاھىغا ئېلىپ، مۇھەممەت ئىمىن خان بىلەن مەلۇم مەزگىل شېرىك «خان»لىق قىلىدۇ. بىر نەچچە ئايدىن كېيىنلا سۈلھىنى بۇزۇپ مۇھەممەت ئىمىن خاننى ئۆلتۈرۈپ «خانلىق»نى تولۇق ئىگەللەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن 1514-يىلدىن 1679-يىلغىچە 165 يىل داۋام

قىلغان سەئىدىيە خانلىقى ئاخىرلىشىدۇ. قەشقەرىيە جۇڭغارلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىدۇ.

ھالدان قونتەيجى ئاپپاق خوجىنى قەشقەرىيىگە «خان» قىلىپ تەيىنلىگەندىن كېيىن، ئىلىنى پايتەخت قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى يەكەنئاددا يۈزلۈك بىلەن داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ توغرىدا «تارىخى ھەممىدىيە»دە مۇنداق دېيىلگەن:

«قالماقلار خوجىلار بىلەن بىرلىشىپ شەھرلىك بىلەن يۇرتنى سورايدىغان بولدىلەر. بىر تۆرەنچە (بىر نەسەپ) قالماقلار بىر شەھەردە تۇرىدىغان بولدى. خوجىلار باج - خىراج ئورنىدا ھەر يىلدا ئىلىغا خام چىقىرىپ تۇردىلەر... خوجىلارمۇ قونتەيجى پەرمانىنىڭ ئىتائىتىگە بويسۇنۇپ ھەر يىلدا بىر ۋە يا 2 نۆۋەت تارتۇق پىش - كەش بىلەن چىقىپ كۆرۈنۈش قىلىپ، جاۋاپ بولغانلىرىدا يېنىپ كېلىپ ھەر قايسىلىرى ئۆز جايلىرىدا بىر قارار بولور ئىكەنلەر...».

بىزنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىمىزدا پەيدا بولغان تۇنجى قورچاق ھاكىمىيەت مانا شۇ ئاپپاق خوجا «خانلىقى» دۇر. بۇ «خانلىق» نىڭ ھىمايىسىدىكى جۇڭغار ھەربىي فېئوداللىرى قەشقەرىيىدىن مىڭ - مىڭلاپ گۈزەل خوتۇن - قىزلارنى، ماھىر ھۈنەرۋەن ۋە داڭدار ئالىم، سەنئەتكارلارنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كېتىشكەن، قەشقەرىيە خەلقىدىن ھەر يىلى نەچچە يۈز مىڭ تەڭگە، ئالتۇن، كۈمۈش، يۈز مىڭلىغان خام، چەكمەن، دۇردۇن، بەقەسەم ھەم نۇرغۇن ئېغىر سېلىقلارنى ئېلىپ تۇرغان ئىدى.

ئاپپاق خوجا «ھاكىمىيىتى» سوپىزمنى ئەبەدى، ئاخىرقى، مۇتلەق ئۆزگەرمەيدىغان چەكسىز قانۇن ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق مىزانى سۈپىتىدە يولغا قويغان، پەقەت زورلۇقلا تايانغان ھاكىمىيەتتۇر.

ئاپپاق خوجا سوپىزمنى ئۆز «خانلىقى»نىڭ «دۆلەت» دىنى ۋە «دۆلەت» تەلىماتى قىلىپ جاكالاپ باش قانۇن سۈپىتىدە ئىجرا قىلىدۇ، يۈرگۈزىدۇ. ئۇزىگە 300 مىڭدىن ئارتۇق بىۋاستە مۇرىت قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى سوپى - ئىشانلىقنى پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇشقا، ئىجرا قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ. قەشقەردە «خان خوجا ئوردىسى» — (مازىرى)، يەكەندە «ئالتۇن لىردىم» — (ئالتۇن مازىرى)، تۇرپاندا «ئەسھابۇل كەھپ» ئىلىدا «قايىنۇق مازىرى» قاتارلىق «مازار» لارنى تەسىس قىلىپ ۋە كېڭەيتىپ، سوپىزىمنى تارقىتىدىغان، كېڭەيتىدىغان سۇلۇك (دەرۋىشلىك يولى) تورلىرىنى بەرپا قىلىدۇ، ھەم ئۇلارغا ئۆز پىركامىللىرى تەستىقىدىن ئۆتۈپ ئىرشاتلىققا (خوجا - ئىشانلىق سالاھىتىگە) ئىگە بولغان خوجا ئىشانلارنى باش قىلىپ بەلگىلەيدۇ، ئىلى، قۇمۇل، تۇرپانلاردا «ئاق داستارلار»، «ئاق يارلار»سېپىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا زىكرى سۆھبەت خانىقالىرىنى پەيدا قىلىپ، جەررە - ساما، دۇئا - تىلاۋەت، خەتمە، ئىستىغپار......نى جانلاندۇرۇۋېتىدۇ. داش قاينىتىشنى ئومۇملاشتۇرىدۇ.

ئاپپاق خوجا «ھاكىمىيەت» نى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۆزىگە تەۋە جايلارنىڭ ھەممىسىدە، ئالدى بىلەن قۇرئان ۋە ھەپتىيەكتىن باشقا بارلىق كىتاپ، رىسالىلارنى ئوقۇش - ئوقۇتۇشنى مەنئى قىلىدۇ ھەم ئۇنداق ئەسەرلەرنى كۆيدۈرۈش بۇيرۇقى جاكالاپ ئىجرا قىلغۇزىدۇ. ئىلىم - مەرىپەت ئورۇنلىرىنى چەكلەيدۇ. چېقىپ بۇزدۇرىدۇ. 1460- يىللاردا مىرزا ئابدۇكېرىم تەرىپىدىن يەكەندە بىنا قىلىنغان قىدىرخانلار مەدرىسى — («مىرزا ھەيدەرجاھان مەدرىسى») نىڭ خارابىسى ئەنە شۇ جايدا چېقىۋېتىلگەن بىلىم يۇرتلىرىدىن بىرىدۇر.

ئاپپاق خوجا زامانىسىدا قەشقەرىيە جەمئىيىتىدە

مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت، مۇزىكا، ناخشا، ئۇسسۇل، گۈزەل سەنئەت، تىياتىر، سىرىكچىلىك، تىبابەتچىلىك، مەتبەچىلىك (نەشرىياتچىلىق)، تەرجىمە، خەتتاتلىق.... قەتئىي مەنئى قىلىنغان ئىدى. بۇنداق ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار «كاپىر»، «جادۇگەرلەر» ھېساپلىنىپ جازاغا تارتىلاتتى. بۇ ساھەلەرنىڭ مەشھۇر باشلامچى ئەرباپلىرى بولسا شەكسىز ئۆلتۈرۈلەتتى.

ئۇلارنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۇسۇللىرى: دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈش، بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈش، قايناق ياققا بېسىپ ئۆلتۈرۈش، بوغۇپ ئۆلتۈرۈش، پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈش، زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش، چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشتەك قەبىھ ئۇسۇللار ئىدى. بۇنداق چۈچۈتۈش تەدبىرلىرى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە خەلققە ئىبرەت ھېساپلىناتتى. ئاتاغلىق ئۆزبېك شائىرى بابارەھىم مەشرەپ ③ (شاھ مەشرەپ) ئەنە شۇلارنىڭ قولىدا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن شائىرلارنىڭ بىرىدۇر.

ئاپپاق خوجىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى باسقان خوتۇنى خانىم پادىشا بىلەن ئاپپاق خوجىنىڭ بالىلىرى 1679 - يىلى يەكەندە «قاراتاغلىق»، «جەددىت»، «قاتىل»دېگەندەك تۆھمەتلەرنى چاپلاپ بىر كۈندە بىرلا ۋاقىتتا ۋە بىرلا يەردە مىڭ كىشىنى بوغۇزلاپ، ئۆز رەقىپلىرىدىن ئۆچ ئېلىشقان ئىدى. بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈلگەن مىڭ كىشى ئەمەلىيەتتە دىنىي ئەرباپلار، مەرىپەتپەرۋەرلەر ۋە يەرلىك ئوقۇمۇشلۇق «قاراتاغلىق»لار ئىدى. يەكەن شەھەر ئىچىدە ھازىرغىچىلىك قەد كۆتىرىپ تۇرۇۋاتقان «خوجا مىڭ دۈك مازىرى» بۇ پىكىرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

ئاپپاق خوجا زامانىدا قەشقەرىيە جەمئىيىتىدە ھەتتا خەت يېزىشنى ئۆگىنىش، ساز ئۆگىنىش، ياساش، مەشرەپ ئويناش، خوتۇن - قىزلار پەرەنجىسىز يۈرۈش، ئويۇن - كۈلكە قاتارلىق ئىشلارمۇ قەتئىي مەنئى قىلىنغان ئىدى. مۇنداق قىلغۇچىلار ئوغرىلىق، قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق قىلغۇچىلار قاتارىدا دەررىگە بېسىلاتتى ياكى ئۆلتۈرۈلەتتى.

دېمەك ئاپپاق خوجا دەۋرى — قەشقەرىيەنى پۈتۈنلەي خۇراپات، زۇلۇم، نامراتلىق، جەڭگى - جېدەل، ۋەھىمە، قاچ-قاچ، خۇنخورلۇق راسا قاپلىغان دەۋردۇر. چىداشقا مەجبۇر قىلىنغان، تىرىكچىلىك قىزغىنلىقىنى يوقاتقان خەلق ئەۋھاپەرەستلىكنىڭ دەردىدە (دىنىي ۋە روھى ۋەھىمىدە) چىرايلىرى تۇپا - تەرەت، ئۈستىۋېشى جۇل-جۇل، جەندە - كۈلالىق سوپىلار، دەرۋىشلەر، قەلەندەرلەر، شەيخلار، ھەر شەكىلدىكى تەركىي دۇنيا ئىبادەتچىلەر توپىغا ئەگىشىپ، جاننىمۇ، جاھاننىمۇ ئۇنتۇپ، «ئۇ دۇنيالىقنى ئويلاپ»لا ئىمانى كامىللىقتا يەنى ئاتالمىش «ئاخىرەت»نىڭ غېمىنى قىلىشقا بەنت قىلىنغان ئىدى. شۇڭا، بۇ جەمئىيەتتىن— يەنى مىڭ ئاچقا بىرمۇ توق پۇخرا توغرا كەلمەيدىغان بۇ تەركىي دۇنيالار جەمئىيىتىدىن سانسىزلىغان كىشىلەر قۇرۇق قول، يۇرت - ماكانىنى تاشلاپ، غەيرى يۇرت ۋە چەتئەللەرگە قېچىپ كېتىپ تۇرغان ئىدى.

## خوجىلارنىڭ كېيىنكى ماجىرالىرى توغرىسىدا

ئاپپاق خوجىنى 1694 - يىلى قاراتاغلىق ئىسھاقىيە خوجىلىرى يەكەندە مەخپىي زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرى ئۆز- ئارا ھوقۇق تالىشىدۇ، ئاپپاق خوجىنىڭ كىچىك خوتۇنى ئۆزىنى پادىشا دەپ ئېلان قىلىپ، ئۆگەي ئوغلى (ئاپپاق خوجىنىڭ مەكتىلىك ئوبۇلھادى خوجىنىڭ قىزىدىن بولغان چوڭ ئوغلى) خوجا يەھيانى بالىلىرى ھەم شېرىكلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. 1697 - يىلى،

مەكتىلىك قارا تاغلىق سىپاھلار پادىشا خېنىمىنى (خانىم پادىشا) نى خوجا يەھيانىڭ قىساسى ئۈچۈن يەكەندە بوغۇزلاپ ئۆلتۈردى. يېڭىپ، يېڭىلىپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ ئىچكى جاڭجال ئاخىرى قارا تاغلىق دانىيال خوجا تەرىپىدىن بېسىقتۇرۇلدى. يەكەن ھاكىمىيىتى قارا تاغلىق دانىيال خوجىنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، دانىيال خوجا قازاق سەركەردىسى ھاشىم سۇلتان بىلەن بىرلىشىپ ئىلىدىن جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانى سېۋاڭ ئاراپداننىڭ ھەربىي قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچارلارنى ئاق تاغلىق خوجىلار قولىدىن تارتىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ئاپپاق غوجا ھاكىمىيىتى تەل - تۆكۈس گۇمران بولدى. پۈتۈن قەشقەرىيىدە «قارا- تاغلىق» خوجىلار «ھاكىمىيىتى» جۇڭغارلار ھىمايىسىدە تىكلىنىپ داۋام قىلدى. دانىيال خوجا سوپىزىمنى «دۆلەت» دىنى ۋە ئاتا «قانۇن» سىياسىتىدە ئىجرا قىلىپ، ئۇنىڭ «كۈچ - قۇدرىتى» نى يەنىمۇ قاتتىق جارى قىلدۇرۇش كويىغا چۈشىدۇ. «سوپىزىمغا نۇقسان پەيدا قىلىۋاتىدۇ» دېگەن باھانا بىلەن ئىككى سەپ بويىچە سوپىزىمنى «پاكلاش» ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىرى: جەمئىيەتتە «جەدىت» لىكنى توسۇش، تۈگىتىش، يەنە بىرى: «داستارلار» نى (ئاق تاغلىق خوجىلارنى) يوقىتىش، تەسىرىنى تازىلاشتىن ئىبارەت بولدى. ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن قۇمۇلغا ئەجدىھار نىياز سوپى بىلەن نەزەر سوپىنى، ئىلىغا راخمان قۇلى بەگ، پەرمان قۇلى بەگ، ئابدۇرېھىم بەگلەرنى، قىرغىزلار ئارىسىغا ئابدۇللا بەگنى، تۇرپانغا سوقۇشتا توكۇر بولۇپ قالغان زەخمەتتى سوپىنى، قازاقلار ئارىسىغا مەكتىلىك توختار سوپىنى ئىرشادلىق بېرىپ باش ئىشانلىققا تەيىنلەپ ئەۋەتتى. ئۇلار قۇمۇلدا «قارا تۇتۇك»، ئىلىدا «قاش»، تۇرپاندا «قارى خوجا»لارغا ئورۇنلىشىپ زىكرى- سۆھبەتنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق مۇرىت كۆپەيتتى. خانىقا قۇرۇپ داش قاينىتىش ئىشلىرىنى كېڭەيتتى. «جەدىت» لەرنى، داستارلارنى يوقىتىش بىلەن شۇغۇللاندى.

دانىيال خوجا جۇڭغارلارغا ھەر يىلى 100 مىڭ تەڭگە ئالتۇن - كۈمۈش، باج - سېلىق تۆلەپ تۇردى. ھەر بىر ۋىلايەت، ناھىيىلەردە جۇڭغار قوشۇنلىرى بىلەن ئەمەلدارلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ قەشقەرىيە خەلقىنى قاتتىق ئېزدى. ئېكسپىلاتاتسىيىنى كۈچەيتتى. قەشقەرىيە خەلقى دانىيال خوجا «ھاكىمىيىتى»گە قارشى چىقتى.

بىراق خەلقنىڭ بۇ قارشىلىقىدىن ئاپپاق خوجىنىڭ كۈكۈن نەۋرىسى بۇرھانىددىن خوجا پايدىلىنىپ، «ئاق تاغلىق»لاردىن قوشۇن توپلاپ، دانىيال خوجىدىن ھاكىمىيەتنى يەنە تارتىۋالدى.

ئاق تاغلىق خوجىلار بىلەن قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرى يەنە كەسكىنلىشىدۇ. ئاخىرى 1739 - يىللىرى ئەتراپىدا قەشقەرىيە ھاكىمىيىتى يەنە قارا تاغلىق يۈنۈس خوجا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى جاھان خوجىنىڭ قولىغا ئۆتتى.

بۇ چاغ — چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى غالدان قونتەيجى ھاكىمىيىتىنىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرىدىن بولغان سېۋاڭ رابدان ھاكىمىيىتىنى تارمار قىلىپ، جۇڭغارىيىنى ئىشغال قىلغان چاغ ئىدى. بۇرھانىددىن خوجا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا خىزمەت قىلىۋاتقان ئامۇرسانا (جۇڭغارلارنىڭ مانجۇلار تەرىپىگە ئۆتۈۋالغان سەركەردىسى) بىلەن بىرلىشىپ، مانجۇلاردىن قەشقەرىيىنى ئىشغال قىلىشنى ئۆتۈندى ھەم ئۇلارنى باشلاپ قەشقەرىيىگە ھۇجۇم قىلدى. يۈنۈس خوجا بىلەن ئوغلى جاھان خوجىنى بوغۇزلاپ، گۆشلىرىنى ئىتقا يېگۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرىدىن ئۆچ ئالدى. مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كىشىلەرنى قىرغىن قىلدى. بۇ توغرىدا

«تارىخىي ھەمدىيە»دە مۇنداق دېيىلگەن:

«بۇرھانىددىن خوجا — نام ئاپپاق خوجا ئەۋلادلىرىدىن بىر كىشى ئەردى. ئاقسۇغا داخىل بولدى. ئاقسۇدىن ئۇچتۇرپانغا بارىپ تەسەررۇپ قىلدى. كاپىرلار (مانجۇلارنى دېمەكچى) ئارقالارىچە بارىپ قەشقەرنى ئالدى ۋە ئۇنىدىن ئۆتۈپ بارىپ يەكەن، خوتەنلەرنى ئالدى. بۇ يەتتە شەھەر (خوتەن، قاغىلىق، يەكەن، قەشقەر، كۇچار، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) خاقانىچىنغا تائىبە ۋە مۇنتەقات بولدىلەر ......»

مانجۇلار قەشقەرىيەنى تولۇق ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قەشقەرنى مەركەز قىلغان بۇرھانىددىن خوجا «ھاكىمىيىتى»نى تەشكىل قىلىدۇ. سوپىزىمنى «دۆلەت» دىنى قىلغان بۇرھانىددىن خوجا ھاكىمىيىتى سوپىزىمنى ئىككى سەپ بويىچە («جەدىت»لىقنى، ئىسھاقىيە تەرەپدارلىرىنى يوقىتىش بويىچە) پاكلاشتۇرۇش، ھەممە جايلارنى بىردەك كېڭەيتىش، سوپىزىم «ئاسىلىرى»نى تازىلاش كۈرىشىنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ. ئىلىدا «خەلپەملەر» مەھەللىسى (خەلپەم بۇزرۇكۋارنى)، قۇمۇلدا «ئاقتۇر»نى يېڭىدىن سۆلۈك قىلىپ، «قارا تاغلىق» خوجىلار تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن بۇرۇنقى سۆلۈك جامائىتىنى قىرغىن قىلىدۇ. مانجۇلار ئورۇدىسىنىڭ 2 - 3 پەلەمپىيى بولغان بۇ چوڭ - كىچىك ھەمرا قورچاقلار 1757-يىلىغا كەلگەندە ئۆز خوجايىنى مانجۇ فېئودال ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىسيان كۆتەردى. 1759-يىلى مانجۇ خانى چەنلۇڭ گېنېرال ياۋخۇيىنى 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن شىنجاڭغا ئەۋەتىپ شۇ يىلى ئامۇرسانانى تارمار قىلىدۇ. بۇرھانىددىن خوجىدىن زەربە يەپ بېيجىڭغا قېچىپ بارغان قارا تاغلىق يەتتە خوجىنىڭ (قۇمۇللۇق يۈسۈپ خوجا، تۇرپانلىق ئىمىن خوجا، كۇچارلىق ئۇدايى خوجا، بايلىق سەييىت ئابدۇللا خوجا، ئۇچتۇرپانلىق خوجىس خوجا) قاتارلىقلارنىڭ ياردىمى بىلەن 1760 - يىلى قەشقەرىيەنى تەل-تۆكۈس ئىشغال قىلىدۇ. بۇ يەتتە خوجىغا كۆرسەتكەن خىزمىتى ۋە يۇرتىنىڭ بولىدىن كېيىنكى «خوجىلىرىنى ياخشى قىلىش» بەدىلىگە «ۋاڭلىق»، «گۇڭلۇق»، «بەيجىلىك»، «بەيسىلىق» ئۇنۋانلىرىنى بېرىدۇ. ھەمراھلىرى بىلەن قاچقان بۇرھانىددىن خوجىسى بەدەخشان ھاكىمى مىرزاخاندىن سوراپ ئالغۇزۇپ، بېشىنى كېسىپ چەنلۇڭ خانغا ئەۋەتىدۇ. شۇنداق قىلىپ شىنجاڭدا 100 يىلغا يېقىن داۋام قىلغان جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشىدۇ.

مانجۇ خانلىقى خوجىلارنىڭ سىياسى، ئىجتىمائى سەپلەردە ئۆزلىرىگە قارشى يول تۇتۇشلىرىغا قەتئى يول قويمايدۇ. لېكىن خوجىلارنىڭ ئۆز ئارا ئىچكى رەقابەتلىرىگە ئاستىرتتىن يول بېرىدۇ، چەكلىمەيدۇ. سوپىزىم گەرچە سىياسى، ھەربى ئاساستىن مەھرۇم قىلىنغان بولسىمۇ، يەنىلا شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا دىنىي ئەقىدە ھالىتىدە داۋام قىلدۇرۇلىدۇ. نادانلىق، ئىچكى بۆلگۈنچىلىك ئەۋج ئالدۇرۇلغان بۇنداق جەمئىيەتتە مىللەت، خەلق مادارىدىن تولۇق كەتكۈزۈلگەن بۇ دىياردا ئەلنى تۇتۇش، ئىدارە قىلىش ئۈچۈن بۇ دەخلىسىز، مۇقەددەس «ئەقىدە»نى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجراچى خوجىلىرىنىڭ ئىمتىيازلىرىنى ساقلاپ قىلىش مۇھىم ئىدى ئەلۋەتتە.

ئىزاھلار:

① «جۇڭغارلار»- تارىختا ئۆتكەن موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، 1759-يىلى مانجۇ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قىرىپ تاشلانغان قىرغىندىن ئېشىپ قالغان ئازغىنە بىر قىسمى ئالتايدىكى ئۇيراتلارغا قوشۇلۇپ سىڭگىپ كەتكەن، ئۇيغۇرچە تارىخىي ئەسەرلەردە «قالماقلار»— «خەلمىگلەر» دېيىلگەنلەر ئەنە شۇلاردۇر.

陈明

② «ئاپاق»— تارىختا ئۆتكەن بەزى بەر-
لىك ئۇيغۇر ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدە، مەسىلەن: مىرزا شاھ مەخمۇت جاراس تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخىي رەشىدى»— (زەيلى) دېگەن كىتاپتا: «ئاپاق» سۆزى دالاي لامىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرا قاتلام راھىبلىرىگە بەرگەن دىنىي ئۇنۋانىنىڭ نامى ئىكەنلىكى، بۇ نامنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قازى - رەئىس ئۇنۋانىغا تەڭ كېلىدىغانلىقى ئەيتىلغان. يەنە بەزى رىسالىلاردا «ھىدايىتۇللا ھەزرەت دالاينىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ تەرجىمىسى بويىچە «ئاپاق» دەپ ھۆرمەت مەنىسىدە ئۆزىگە سۈپەت قىلىۋالغان....» دېيىلىدۇ. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن ھىدايىتۇللاخوجا بۇ ئاتالغۇنى ئۆزىنىڭ پىكرىنىلا ئاساس قىلغۇچى، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى مەسىلىنى تارىخنىڭ ھۆكۈمىگە تاپشۇرۇشنى رەت قىلغۇچى، پاپاغا ئوخشاش مەڭگۈ گۇنا قىلمايدىغان، سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەيدىغان، ئادەتتىن تاشقىرى ئاق (پاك)، دانا زات سۈپىتىدە «ئاپئاق»— (ئاپپاق) مەنىسىدە ئىستېمال قىلغان ئىدى.

③ بابارەھىم مەشرەپ، 1656-يىلى ئەنجاندا كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلغان. 15 يېشىدىن تارتىپ نەمەنگانلىق خوجا مۇللا بازار ئاخۇن ھوزۇرىدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەرەپ، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. ئەدەبىيات-چىلىققا كىرىشكەن. سوپىلىقنى قوبۇل قىلىپ، تەتقىق قىلغان. كېيىنرەك قەشقەرگە كېلىپ ئاپپاق خوجىغا چاكار بولغان. شۇ چاغلاردا خوجا ئىشانلارنىڭ ئاچكۆزلۈكى، زالىملىقى، ئالدامچىلىقى ۋە خۇنخورلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا قارشى پاش قىلىش خاراكتېرىدە جەڭگىۋار ئەسەرلەرنى يازغان، سوپىلىقتىن بەزگەن. شۇڭا، ئاپپاق خوجا ئۇنى «خوجا - ئىشانلىرىمىزنى ھاقارەتلەيدىغان بىيت، غەزەللەرنى توقۇيدى» دەپ قارىلاپ، ئۆز دەرگاھىدىن سۈرگۈن قىلىپ قوغلىۋەتكەن. شۇندىن كېيىن شائىر يەكەن، خوتەن، ئىلى، خوجەنت، تاشكەنت، سەمەرقەنت، بۇخارا، بەلخ، ھىندىستان، ئافغانىستان قاتارلىق جايلارنى پىيادە كېزىپ قەلەندەرچىلىك بىلەن كۈن ئالغان، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن «مەبدەئى نۇر» (نۇرمەنبەئى) «دىۋان مەشرەپ»لىرى بار. مەشرەپ ئۆز ئەسەرلىرىدە خوجا - ئىشانلارنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىپ يېزىشنى توختاتمىغانلىقى ئۈچۈن ئاپپاق خوجا ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇنىڭ پەتىۋاسى بىلەن بەلخ ھاكىمى مەخمۇت شاھنىڭ قولىدا 1711-يىلى 54 يېشىدا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى.

(بېشى 67- بەتتە)

## تۈزىتىپ قويۇش

ئىش توختىتىپ ئۆگىنىش قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر ئىشچى كادىردىن سورىدى: «ئىنقىلاپ قىلدۇق دەپ، ئىش توختاپ قېلىۋاتىدۇ. قاچان ئىشقا چۈشىمىز؟»

كادىر غەزەپ بىلەن جوزىنى مۇشتلاپ سۆزلەپ كەتتى: «ئىنقىلاپ ئۈچۈن ھەر قانداق ئورۇن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ توختاپ قېلىشىدىن قورقماسلىق كېرەك ...»

ئىشچىيار، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، كادىرغا قاراپ مۇنداق دېدى:

— خاپا بولماي، ھازىرقى گەپىڭىز كىچىككىنە يېرىنى تۈزىتىپ ئالسىڭىز، يەنى ھەرقانداق ئورۇن دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا، ئۇلۇغ زاۋۇتىدىن باشقىسى، دەۋەتسىڭىز، تازا ئوبدان بولاتتى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: سابىرجان سادىق




ئەشقىيار نامەت 1891 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى قىزىل بويى يېزىسىدا كەمبەغەل ھۈنەرۋەن (سوپۇنچى) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1958 - يىلى ئۆز ئائىلىسىنى ئېلىپ غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ، سوپۇنچىلىق ۋە قاسساپچىلىق قىلىش بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئەشقىيار نامەت 1981 - يىل 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 90 يېشىدا غۇلجا شەھەر 2- رايون تاجىۋاي مەھەللىسىدىكى تۇرۇشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۆز ھاياتىنى جاپالىق ئەمگەك، ھالال ھۈنەر - كەسىپ بىلەن ئۆتكۈزگەن ئەشقىيار نامەت ئۆز ئەۋلادلىرىغا چوڭ ئىقتىسادىي مىراس قالدۇرالمىغان بولسىمۇ، ئۇرۇق - تۇققان، خولۇم - خوشنا، تونۇش - بىلىش ۋە كەڭ جامائەت ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، مېھرىۋانلىقى، خۇشخۇيلۇقى بىلەن ئۇنتۇلغۇسىز ياخشى تەسىراتلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

دۆلەت ۋە خەلققە زور بالايى - ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا بىگۇناھ ئەشقىيار ئاتا «ھايانكەش»، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان جاھىل ئۇنسۇر»دېگەن بەدناملار بىلەن قارىلىنىپ، ئاتالمىش «ئۆگىنىش كۇرسى»دا كۆپ رىيازەت چەكتى. مەن ئەشۇ كۈنلەردە غۇلجا شەھەر تاجىۋاي مەھەللىسىگە ئەۋەتىلگەن «تەشۋىقات - خىزمەت دۈيى»نىڭ خادىمى بولۇپ، «تەشۋىقات-خىزمەت دۈيى»دە مۇشۇ مەھەللىدە ئۇيۇشتۇرغان «ئۆگىنىش كۇرسى»دا ئەشقىيار ئاتا بىلەن بىللە بولغان ئىدىم، شۇ چاغلاردا 70نەچچە ياشلاردىكى ئەشقىيار ئاتا ئۆزىنىڭ ئاقىلانە پىكىر يۈرگۈزۈشى، زوراۋانلىقنى كۈلكىلىك مەسخىرە گەپلەر بىلەن پاش قىلىشى، بىگۇناھ پۇقرالارغا جەبرى - زۇلۇم سالىدىغان تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھەرىكەت ۋە ساختا تەشۋىقات تېزىسلىرىنى ئىخچام، چۈشىنىشلىك بىر نەچچە جۈملە ھەزىل بىلەنلا ئېچىپ تاشلاپ ئاتالمىش «سىياسەتچى»، «نەزەرىيىچى»، «قابىلىيەتلىك تەشۋىقاتچى»لارنى ئوڭايسىز ھالەتتە قالدۇرۇشلىرى مېنىڭ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىۋارىمنى قوزغىغان ئىدى.

«4 كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇپ، زامان ئوڭشالغاندىن كېيىن، ھەممە يەر شات - خۇراملىققا چۆمگەن. ئاپەتلىك يىللار ئۆتمۈشكە ئايلانغان بۈگۈنلەردە، ھېلىقى چاغلاردا ئۇۋال قىلىنغان بىگۇناھ پۇقرالار قاتارىدا ئەشقىيار ئاتا ھامان ئېسىمدىن چىقمىدى. مەن ئەشقىيار ئاتىنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەش، چوڭقۇر سېغىنىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ بىر قىسىم مۇلاھىزە ۋە پىكىرلىرىنى رەتلەپ چىقتىم.

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

陈明

## ھارۋام قەيەردە پىشۋاتىمدۇ؟

ھارۋا بىلەن گۆشلىرىنى تارتقۇزۇپ قويغان ئەشقىيار، ئىسيانچىلارنىڭ قوماندانلىق شتابىغا تۇرۇشلۇق ئورنىغا بېرىپ، بىر كاتىۋاشقا يالۋۇردى:

— بالام، مەن ئۇششاق بالىلىق ئادەم، تىرىكچىلىك قىلىمەن دەپ بىر قوينى سويۇپ سېتىۋاتاتتىم. سىلەرنىڭ ئادەملەر تارتىپ كەتتى. رەھىم قىلىپ قايتۇرۇپ بەرسىڭىز...

— ھەي قارىگۇ بازارچى ھايانكەش ئۇنسۇر، سەن تېخى قايتۇرۇپ بېرىڭلار دەمسىنا، گۆشىڭنى

مۇسادىرە قىلدۇق، ئاۋۇ ئاشخانىدا يېشىۋاتىمىز، مانا بىر قال! ھەملى بىكار...

— رەھمەت بالام، كۆشۈمەي يېشىۋېتىپتۇ، كۆرسىتىپ قويىدىغىنىز. بىراقلا بىلىۋېلىپ كېتىدى، دەپ بەرسىڭىز، ھارۋام قەيەردە يېشىۋاتىدۇ؟

## ئۆزلىرى كولاپ...

ئىگىمىز بىنانىڭ ئۈستىدىكى 5 ، 6 دانە يوقۇرى ئاۋازلىق كاناي، بازاردىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭنى بېسىپ ئۇنلۇك ۋاقىرىماقتا ئىدى: «... ھازىر بەزى دايانكەش ئۇنسۇرلار بەنىلا تەپتارتماي، سوتسىيالىزىمنىڭ ھۇلىنى كولىماقتا، ئۇلاردا ئەجەللىك زەربە بېرىش كېرەك...» ئىشچىيار يېنىدىكى يوشۇرۇن ئوقەت قىلىۋاتقانلارغا كاناينى كۆرسىتىپ، مۇنداق دېدى: «ئەخمە كولايمىز دەپ، ھەممە بىنانىڭ ھۇلىنى ئۆزلىرى كولاپ، تېخى بىزگە ئەجەللىك زەربە بېرىدىكەندە؟!...»

## بالىلار تەرەپتە تۇراي

كېچىدە ئۆيىگە كېتىۋاتقان ئىشچىيارنى، بىر توپ ئىسيانچىلار توختۇۋېلىپ سوراق قىلدى:

— كېچىدە نېمە قىلىپ يۈرگەن ئادەمسەن؟

— باللىرىم، مەن ئۆيۈمگە كېتىۋاتقان ئادەم.

— سەن قايسى كۆز قاراشتا؟

— ھە - مەن باللىرىمنى يېقىش كويىدا.

— ھەم سەن قېرى، ئىنقىلابچىلار تەرەپتە تۇرماي، دۈشمەن تەرەپتە تۇرىدىكەنسەندە؟

— يوقسۇ باللىرىم. مەن ھەرگىز دۈشمەن تەرەپتە تۇرالمايمەن. ئۆزەم ئۇششاق باللىق بولغاچقا، جەزمەن باللار تەرەپتە تۇراي.

## ئاشكارا ساتسام، تۇتۇۋالغاچقا...

يوشۇرۇن تىجارەت قىلىۋاتقان ئىشچىيارنى تۇتۇۋالغان ئىسيانچىلار سوراقنى باشلىدى:

— نېمە ئۈچۈن ھايانكەشلىك بىلەن شۇغۇللىنىسەن؟

— باشقا ئىش - ئوقەتلىرىم بولمىغاچقا قىلىپ قويۇۋېتىمەن بالام.

— نېمە ئۈچۈن يوشۇرۇن مال ساتىسەن ؟

— ئاشكارە ساتسام تۇتۇۋالغاچقا، يوشۇرۇن سېتىپ قويۇۋېتىمەن.

## سىلەرگە ئاتاپ تىكەن تېرىسام بوپتىكەن

مەھەللىدىكى ئىسيانچىلار ئىشچىيارنىڭ قوراسىغا بېسىپ كىرىپ، ئۇنىڭ 10 نەچچە تاشتەك گۈلىنى چېقىۋەتتى. ئاچچىقىنى باسالمىغان ئىشچىيار ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ: «ھەي باللار، بۇ نېمە قىلغىنىڭلار! چىرايلىق گۈللەردە نېمە گۇناھ بار؟» دېدى. ئىسيانچىلارمۇ ئۇنىڭغا: «سەن نېمە ئۈچۈن بۇرژۇئازىيىنىڭ گۈلىنى ئۆستۈردۈڭ؟ بىلەمسەن؟ گۈل دېگەن بۇرژۇئازىيىگە تەئەللۇق!» دەپ سوئال بىلەن جاۋاپ قايتۇردى. «سىلەرگە ئاتاپ، تىكەن تېرىسام بوپتىكەن» دېدى ئىشچىيار ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ.

## قەلەم تېگىپ كەتكەندۇ

يېشانىسىدىن قان ئېقىۋاتقان بىر كىشى، بويىنىدا تاختاي، قولىدا كونا مەشىنىڭ قاپقىقىنى ئۆرۈپ، بازار ئارىلاپ: «مەن كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار...» دەپ ۋاقىراپ كېتىپ باراتتى.

بازاردىكى كىشىلەر: «ھەي، بىچارە مۇدىرنى يەنە ئۇرۇپتۇدە!...» دېيىشىۋاتسا، ئىشقىيار ئۇلارغا كايىپ، مۇنداق دېدى: «ياق، ئۇنداق دېمەڭلار: كىچىك باتۇرلارنىڭ قەلىمى تېگىپ كەتكەندۇ».

## يېڭى دەۋرنىڭ ساقىلى

مەھەللىدىكى ئىسيانچىلار، ئىشقىيارنى تونۇۋېلىپ، ساقىلىنى كەسمەكچى بولدى. ئىشقىيار ئۇلارغا: «نېمە ئۈچۈن ساقىلىمنى كېسەتتىڭلار؟ ساقالدا نېمە گۇناھ بار؟ ئۇنداق قىلماڭلار...» دەپ يالۋۇردى.

ئىسيانچىلار: «بىز تۆت كونىنى بۇزىمىز، شۇڭا ساقال، بۇرۇتلىرىڭنى چۈشۈرۈۋېتىمىز...» دېدى. ئىشقىيار ئۇلارغا قاراپ: «مېنىڭ ساقىلىم ئازاتلىقتىن كېيىن ئۆسكەن يېڭى دەۋرنىڭ ساقىلى، شۇڭا تۆت كونىغا كىرمەيدۇ» دېدىدە ئۆز يولىغا كېتىۋەردى.

## چوڭ خەتلىك گېزىت يەرمەنكىسى

يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ ياسالغان ياغاچ - تاختاي ئۆيلەر، ھەر خىل پوتەيلەر، كوچا بويلاپ چاپلانغان چوڭ خەتلىك گېزىتلەر ... پىيادە يول مېڭىشنىمۇ قىيىنلاشتۇرۇپ قويغان ئىدى. ھەممىلا يەردىكى كانايلاردا شوئار ياڭراپ، قۇلاق - مېڭىنى يەيتتى. ئىشقىيارنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ كېتىپ بارغان 10 ياشلاردىكى ئوغلى ئىشقىياردىن سورىدى: «دادا، بۇنىمە بازار؟» ئىشقىيار بالىسىغا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «بالام، بۇ چوڭ خەتلىك گېزىت يەرمەنكىسى».

## چوڭ خەتلىك گېزىت ئوخشىدى

ئىشقىيارنىڭ يېزىلىق بىر ئاغىنىسى، پاراڭ ئارىلاپ كايىپ كەتتى: «بۇ يىل يېزىمىزدا ھېچنىمە ئوخشىمىدى.» ئىشقىيار ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېدى: «نېمە ئەنسىرەيسەن، بۇ يىل ھەممىلا يەردە ئوخشاشلا چوڭ خەتلىك گېزىت بەك ئوخشىدى».

## «جۇۋا بار» دېمە

«ئۆگىنىش كۇرسى» دېگەن ئىشقىيارنى يوقلاپ كەلگەن ئايالى، ئۇنىڭدىن سورىدى: «بۇ يەر بەك زەي ئىكەن، جۇۋىنى ئەكىلىپ بېرەيمۇ؟ ئاستىلىرىڭغا سېلىپ ياتسىلا» ئىشقىيار بۇ گەپكە ئاچچىقلاپ، ئايالىغا ۋاقىراپ كەتتى: «ھوي ئاخماق ھەرگىز جۇۋا بار دېمە. مۇنۇ كادىرلار ئاڭلاپ قالسا، مېنى قىشچە ئېلىپ قالىدۇ».

## ئاتاتتىڭمۇ؟

«ئۆگىنىش كۇرسى» دا ئىشقىيار سوراققا تارتىلدى.

— تەركىبىڭ نېمە ؟

— كەمبەغەل.

— قانداق كەمبەغەلسەن؟

— باشقا كەمبەغەللەر قانداق بولسا، مەنمۇ شۇنداق كەمبەغەل، بالام.

— ھەي! تۈز جاۋاپ بەر. 47-، 48-، 49- يىللىرى قانداق مۈلۈكلىرىڭ بار ئىدى؟

— پاھ! ئۇچاغلاردا قولۇمدا 18 موبەر، سېمىز 4 ئۆكۈز، 6 قىزىلىق قوي، سۇتا - سايمانلار ۋە

يانا سورىغىن قايىنىمىدىغان بىر چوڭ قازان بار ئىدى.

سوراقچى جوزىنى قاتتىق ئۇرۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە دۈۋەيلەپ كېلىپ ۋاقىردى: «شۇنچە مال - مۈلۈك بىلەن يەنە كەمبەغەلمىز؟»

— ياناللا كادىر بالام، شۇ چاغلاردا سەن بولغان بولساڭ، ئاتاتتىڭمۇ؟

## ئەجەللىك زەربە بېرىۋاتىمەن

«ئۆركەنىش كۆرسى» نىڭ ياتاقلىرىنى ئارىلاپ يۈرگەن باشلىق، يېرىم يالىڭاچ بولۇۋالغان ئىشقىيارنى كۆرۈپ، ئەنسىزلىك بىلەن سورىدى: «ھەي، نېمە قىلماقچىسەن، نېمىشقا يالىڭاچ بولۇۋالدىڭ؟» ئىشقىيار مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «نېمە قىلاتتىم كادىر بالام، كۆينىكىمنىڭ چېكىرىسىغا كېلىۋالغان سىنىپىي دۈشمەنلەر ئاغدۇرمىچىلىق قىلىپ كېچىچە ياتقۇزمىدى، شۇلارغا ئەجەللىك زەربە بېرىۋاتىمەن.»

## قىزىل كېكىردەكتىن يەتتىسى بار

ئۈستەلدە سۈرلۈك قىياپەتتە ئولتۇرغان باشلىق، ئىشقىياردىن سوراشقا باشلىدى:

— ئۆيىڭىزدە قانداق مۈلۈكلىرىڭىز بار؟

— تۆۋەندىكى بولىمىز بىر قازان، سەل قاڭشىغان بىر كورا، ئىككىسى تىزىلدىغان بىر شىرە، بىر كوناكارۋات، بىر چايچۆگۈنى، بىر قول چۆگۈن، 6 - 7 ئاپتۇر چىنە، 6 - 7 پىيالە ...

— تولا قۇۋۇلۇق قىلماي يوغان - يوغانلىرىنىدە! ھەلى بىكار ...

— بولىدۇ بالام، تازا يوغانلىرىنى دەي، سىزمۇ ئايرىم قەغەزگە يېزىپ قويۇڭ، ئۆيۈمدە ئىشقىياردىن نان تىلەپ يەيدىغان، قىزىل كېكىرتەكتىن يەتتىسى بار.

## مەن قانداق يازاي؟

ئىشقىياردىن كۈرەش ئالغان خېرىدار ئىسچوت يېزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

— بالام مەن ئىسچوت يازالمايمەن.

— ھەي مۇنچە سومغا كۈرەش ساتتىم دەپمۇ يازالمامسىز؟

— ئىنقىلاب جەريانىدا تولۇق ئوتتۇرىنى ئوقۇغان مۇنۇ بالام يازالمايدۇ-يۇ، مەن قانداق يازاي؟ دەپ يېنىدىكى 16 - 17 ياشلاردىكى بالىسىنى كۆرسەتتى ئىشقىيار.

## كادىرغا تەگمەيدىغان بومبا

شەھەر ئاھالىسىنى يېزىغا تارقاقلاشتۇرۇش خىزمىتى باشلىنىپ، زور يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا باشلىق تەشۋىقات تېزىسى بويىچە «...ھازىر ئۇرۇش بولۇش ئېھتىمالى بەك يېقىن. ئۇرۇش بولسا، بومباردىمانچىلىق بولىدۇ. شۇڭا خەلقنى يېزىغا تارقاقلاشتۇرۇپ، ئامانلىقىنى ساقلاش كېرەك ...» دەۋاتقاندا، ئىشقىيار ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، مۇنداق دېدى: «ۋاھ! مانا قاراڭلار ئۇرۇش بولسا، مۇشۇ شەھەرگە چۈشىدىغىنى كادىرغا تەگمەيدىغان بومبا ئىكەندە، ئۇ.»

(ئاخىرى 63- بەتتە)



# بەگلىكتىن چۈشكەندە

(ئۆتمۈش جەمىيەت ئارخىۋىدىن)

سوپىيوپ

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، دوغا بەگنىڭ زامانىسىدا ئۇنىڭ تۇققانلىرىدىن بولغان شاۋاز بەگ دىگەن بىر كىشى ئۆتكەن ئىكەن، شاۋاز بەگ قەشقەر شەھرىنىڭ يۇمۇلاقشەر كۆلبېشىلىك بولۇپ، ئۇ توققۇزاقتا 8 - 10 يىل بەگ بولغاندىن كېيىن، پۇقرالارنىڭ ئۆكتە قوپۇشىدىن بولغانمۇ، ياكى قېرىپ ئاتتا ئولتۇرالماس بوپقالغانلىغىدىنمۇ بەگلىكتىن چۈشۈپ ئەسلى ماكانى يۇمۇلاقشەر كۆلبېشىگە قايتىپ كەپتۇ. بەگلىك دەۋرىدە ئادەم ئىشلىتىپ، ئادەم ئۇرۇپ، ئىش باشقۇرۇپ ئۆگىنىپ قالغانلىقتىن بەگلىكتىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ ئادەم ئىشلىتىش، ئۇرۇش، باشقۇرۇش خۇيىنى پەقەت تاشلىيالماپتۇ. ئۇ ھەدىسىلا كوچىغا چىققان ھامان بىرسىنى ئۇلاقتىن چۈشمىدىڭ، ماڭا ھۆرمەتسىزلىك قىلدىڭ دىسە، يەنە بىرسىنى ئالدىمدىن توغرا ئۆتتۈڭ، قول باغلاپ ئۆتمىدىڭ، چوڭقۇر سالام قىلمىدىڭ دەپ رەنجىشىپ قالىدىكەن. بازار كۈنلىرى بولسا سەھرادىن كىرگەنلەرنى ئېشەگىنى ئۇيان بىلەن ھەيدە، ھارۋاڭنى بۇياق بىلەن ھەيدە! دەپ ۋاقىرايدىكەن. 4 ئادەم توپلىشىپ قالغاننى كۆرسە، ئۆزىدىن خۇدۇكسىنىپ، «نىمە دەپ توپلىشىۋېلىشتىڭ، كىمنىڭ ئۈستىدىن گەپ قىلىشىۋاتىسەن تارقىلىش!» دەپ ھاسىسىنى تەڭلەپ قوغلايدىكەن، ئاياللارنى بولسا، «كوچىغا نىمىشقا چىقىشتىڭ، سەنلەرگە كىم رۇخسەت قىلدى، ئايال دىگەنمۇ كوچىدا مېڭىپ يۈرەمدۇ؟ ئېرىڭ كىم؟» دەپ ئۇچرىغانلا ئايالنى سوراققا تارتىپ، كوچىدا مېڭىشقا بىزار قىلىۋېتىدىكەن. قىسقىسى شاۋاز بەگ كوچىغا چىقسىلا، بىرەر ماجرا چىقارماي قايتمايدىكەن. ھەتتا بەزى چاغلاردا



كىشىلەرنى ھاسىسى بىلەن دۈشكەللەپ ئۇرۇپمۇ تاشلايدىكەن. بۇنداق چاغلاردا بىر قىسىم سەھرادىن كىرگەن ئەر - ئاياللار شاۋاز بەگنى تونۇمىغاچقا، تىل ياندۇرۇپ سالىدىغان ياكى بولمىسا قول ياندۇرۇپ قويىدىغان «ئەدەپسىزلىك» ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلۈپ قالىدىكەن. مانا مۇشۇنداق چاغلاردا رەستىدە دۇكىنى بار، ئەل ئارىسىدا ئانچە - مۇنچە تونۇلۇپ قالغان چوڭ-چوڭ ئوغۇللىرى بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ ناھايىتى چوڭ غەۋغاغىمۇ ئايلىنىپ كېتىدىكەن. ھەتتا شەھەرلىك، سەھرالىق، دېيىشىپ شاۋاز بەگنىڭ مەھەللىسىدىكى بىر قىسىم مۆتىۋەرلەرمۇ شاۋاز بەگنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ «بۇ كونا بەگ بولغان ئادەم، نىمىشقا ھۆرمەت قىلمىشايسەن، تونۇگۈن سەھرادىن كىرىپ، بۇگۈن بېگىمنى كۆزگە ئىلمىگىدەك بولۇشتۇڭمۇ» دەپ ماجىراغا ئارىلىشىپ «سەھرالىق»لاردىن خېلى قاتتىق ئازارمۇ يېيىشىۋالىدىكەن. كېيىنكى چاغدا بۇ ئىش كېڭىيىپ، نەدە ئادەم توپلىشىۋالسا، جېدەل-ماجىرا چىقسا، شەھەر ئىچىدە ئۇلاقتىن چۈشمەي ماڭسا ئۇششاق باللار يۈگۈرۈپ كىرىپ ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشقا شاۋاز بەگنى چاقىرىپ چىقىدىغان بوپتۇ.

شۇنداق كۈنلەردە، بۇ ئىشقا ئىچى پۇشقان، شاۋاز بەگنىڭ خوشنىسى مەن دېيىشتىنمۇ خىجىل بولغان بىر قىسىم خوشنىلىرى، شۇ زاماننىڭ كاتتا مۆتىۋەرلىرىدىن بولغان، مەھكىمە شەرئىيىدىكى موللا مەتتىيا خەلپىتىمگە شاۋاز بەگنى بۇ ئىشتىن توساش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ قويۇشقا ئىلتىماس قىلىپتۇ.

موللا مەتتىيا خەلپىتىم شاۋاز بەگنىڭ چوڭ ئوغلى مەھەممەتتىخاننى چاقىرتىپ: «داداڭلارنى بۇ ئىشتىن توساش قىيىن، چۈنكى، بۇ، بىر خىل خۇمارى كۈچلۈك مەنسەپ كېسىلى، ئاتاڭلار ئۇزۇن مەزگىل بەگ بولۇپ، ئادەم باشقۇرۇپ، ئادەم ئۇرۇپ، ۋاقىراپ ئۆگىنىپ قالغان، بۇنى بىر ئانچە كۈن، بىر ئانچە ئاي گەپ قىلىش بىلەن بۇ ئىشتىن توسقىلى، بۇ خۇيىنى تاشلاتقۇزغىلى بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى بىر ئاز پۇل دەسمايە سېلىپ، ئۆزى ئەمەك بولغىدەك، قولى ئادەمگە يەتمىگەندەك، ئۆزى زېرىكمەيدىغان ئىشتىن بىرنى تېپىپ بەرسەڭلار» دەپ مەسلىھەت سېلىپتۇ.

شۇ مەسلىھەت بويىچە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى 400 سەر يارچەن خەجلەپ يۇمىلاقشەھەر كۆلىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ياغاچتىن بىر تاختا پەر - راۋاق (شۇ چاغدا شىتەيزە دەپ ئاتىلىغان ئىكەن) ياسىتىپ، ئەتراپىغا ئەپكەشلەر (سۇغىدا سۇ توشۇپ ساتىدىغانلارنى ئەپكەش دەپ ئاتايتتى) سۇ ئالىدىغان تاختىراۋاندىن 10 نەچچىنى ياسىتىپ، شاۋاز بەگنى تاختا پەر - راۋاقتا ئولتۇرغۇزۇپ، ئەپكەشلەرنى باشقۇرۇشقا قويۇپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاۋاز بەگ ئەتىگىنى چېيىنى ئىچىپ بولۇپلا تاختا پەرگە چىقىۋالىدىكەن. چۈشلۈك تامىقىنىمۇ شۇ يەرگە ئاپىرىپ بېرىدىكەن، تاكى ئەل ياتقىچە سۇ ئالغىلى كەلگەن ئەپكەشلەرنى: سەن ئۇ يەردىن ئال، ھەي! بۇ يەردىن ئال، سەن ئۇنداق ماڭ، ھەي! سەن مۇنداق ماڭ، دەپ ئەتىگەندىن كەچكىچە توۋلاپ، گەپ ئاڭلىمىغانلارنى تاختا پەردە تۇرۇپ تىللاپ (ئۇ، تىللىشىمۇ شۇنچىلىك ئىش قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئانچە ئېغىر ئالماي، ھاسىسى يەتمىگەندىن كېيىن) شۇ ئىش بىلەن ئەمەك بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن كوچىدىكى جېدەل - ماجىرا، تېنچسىزلىق پەسىيىپ، ئەر - ئاياللار كوچىلارغا بىخارامان چىقالايدىغان، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋاباتلىرى ۋە خولۇم - خوشنىلىرىمۇ خېلى ئازات بولغاندەك بوپقاپتۇ.

مەن ئەقلىمگە كەلسەم، يۇمىلاقشەھەر كۆلىدە شۇ شاۋاز بەگ ئۈچۈن ياساتقان تاختا پەر - راۋاقنىڭ بىر قىسىم قالدۇقلىرى بار ئىكەن، بۇنىڭدىن 50 يىللار بۇرۇن دادام بىلەن شۇ يەرگە بىر كېلىپ قالغىنىمدا، دادام شاۋاز بەگنىڭ مۇشۇ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىپ، كېيىنكى چاغلاردا شاۋاز بەگدەك ئادەملەر كۆپ ئۆتتى، لېكىن ئۇنىڭدەك دەسمايە سېلىپ ۋاقىرىغانلار ئاز ئۆتتى، دەپ سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

# بۈگۈنكى شېكىسپىر خانلىق تىياتىر ئۆمىكى

شىلار دېۋرىس

بېلەت باھاسىنىڭ شىددەت بىلەن ئۆرلەپ، چۈشۈپ تۇرۇشى، ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى تىياتىرچىلىق ئىشلىرىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماقتا. لوندوننىڭ غەربىي رايونىدىكى تىياتىر ئۆمىكىمۇ تاقىلىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. نيۇ - يوركتىكى بىرو ئادۋاي تىياتىرىنىڭ چىراقلىرىمۇ بۇرۇنقىدەك كۆزنى ئانچە چاقنىتالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەنە شۇنداق كۆڭۈلسىز قاراڭغۇ كېچىدە پەقەت ئەنگلىيەدىكى شېكىسپىر خانلىق تىياتىر ئۆمىكىنىڭ چىراقلىرىلا رەڭگارەڭ نۇر چاچنىتىپ، ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتىرىپ تۇرماقتا.

بۇ ئۆمەك ئۇزۇندىن بۇيان «تىياتىر ماھارىتىنىڭ بۆلىغى» دېگەن نام بىلەن ھۆرمەتلىنىپ كەلمەكتە. ئۇلار يىلدا بىرقېتىم شېكىسپىرنىڭ يۇرتى بولغان ئېۋون دەرياسى بويىدىكى ستتراتفور شەھىرىدە شېكىسپىر تىياتىرلىرى بايرىمى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. ھازىر بۇ تىياتىر ئۆمىكى يېڭى ساھەلەرگە يۈرۈش قىلماقتا. يېقىندا بۇ تىياتىر ئۆمىكى لوندوندىكى يېڭىلا پۈتكەن بىر بىناغا كۆچۈپ كىرگەن بولۇپ، بۇ تىياتىر مەركىزى 300 مىليون فونت ستېرلىڭغا سېتىۋېلىنغان. ئېۋون دەرياسى قىرغىقىدىكى ستتراتفو شەھىرى — شېكىسپىر موخلىسلىرىنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جايىدۇر. يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇ تىياتىر مەركىزى لوندون كوناشەھرىنىڭ مەركىزىدە بولۇپ، گويا چوخچىيىپ تۇرغان غايەت زور قاشتېشىدەك ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا 17 - ئەسىردىن قالغان كونا ئىمارەتلەر تارقاق ھالدا جايلاشقان. بۇ بىنانىڭ سىرتى ئەينەك ۋە بېرىكمە توپىلىق لايلار بىلەن نەقىشلىنىپ سىۋالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ ئاجايىپ ھەشەمەتلىك بېزەلگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ تىياتىر مەركىزى ھەر يىلى دۆلەت سەنئەت كومىتېتىنىڭ بىر مىليون فونت ستېرلىڭ ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرىدىكەن. بۇ پۇل بىلەن 10 دىرىژسور، 100 دىن ئارتۇق ئارتىست ۋە 4 تىياتىر ئۆمىكى تەمىنلىنىپلا قالماستىن، يەنە ھەر يىلى قويۇلىدىغان 10 يېڭى تىياتىرنىڭ چىقىمىغىمۇ ئىشلىتىلىدىكەن. بۇ ئۆمەكنى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ تىياتىر ئۆمەكلىرىنىڭ بىرى دېسەك ھەرگىز خاتا بولمايدۇ.

بۇ ئۆمەك 100 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ھازىر ئۇ بەدىئىيلىك جەھەتتە ئىلگىرى زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان قىياپەت بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا. بۇ تىياتىر ئۆمىكى زور مىقداردا قوشۇمچە تۇرمۇش پۇلىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرغاچقا، بېلەت باھاسىنى ئۆستۈرۈشكە قىزىقماي، بارلىق زېھنى كۈچىنى ئورۇنلاش سەنئىتىنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ئۆستۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرمەكتە. ئەنگلىيە، ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ تىياتىر ئۆمەكلىرى دېرىكتورلىرىنىڭ يېڭى تىياتىرلارنى ئويناشنىڭ ھەر خىل يوللىرى ئۈستىدە جان كۆيدۈرۈپ ئىزدىنىشى، بۇ — خانلىق شېكىسپىر تىياتىر ئۆمىكىنى پارغانسېرى تېخىمۇ كۆپ يېڭى تىياتىر

بىلەن تەمىنلەپ، ئورۇنلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

بۇ ئۆمەكنىڭ مەيداندا كېلىشىمۇ خۇددى شېكىسپىرنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىگە ئوخشاش بىر مۇقەددىمە بىلەن باشلانغان بولۇپ، بۇ ئۆمەكنى قابىلىيەتلىك بىر رېژىسسور باشقۇرىدۇ. بۇ ئۆمەكنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشىدىكى سىر ئېھتىمال مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك. — بۇ ئۆمەكنىڭ چىقىمى بىلەتتىن كىرگەن بولۇپ، كىرىمدىن ئاجرىتىلمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ مۇئاشى دۆلەت تەرىپىدىن كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئارتىستلار بىر خىل كوللېكتىپلىق روھقا ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى گويا بىر پۈتۈن كوللېكتىپنىڭ ئەزالىرى بىرگە ئىشلەۋاتقاندەك ھېس قىلىشىدۇ. ئۇلار ئوينىغان بارلىق تىياتىرلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە مۇكەممەل ئورۇنلاشقا تىرىشقاچقا، تېزلا ئابروي قازىنىپ كەتتى.

بۇ سۆزنى چارلىز فىلوۋېر دېگەن بىر كىشى 1876- يىلى ستراتفور شەھەرلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق چۈشلۈك زىياپەتتە ئېيتقان.

فىلوۋېر ئەپەندى سودىسى تازا بازار تاپقان شۇ يەرلىك بىر سودىگەر بولۇپ ئۇ درامىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇنىڭ شۇ قېتىمقى نۇتقىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ پىكرى ھەقىقەتەنمۇ ئىنقىلاۋىيلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇ نۇتقىدا خەلق ئىچىدىن تەشكىللەنگەن، قوشۇمچە ياردەم پۇلى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان بىر مەدەنى تەشكىلات قۇرۇپ چىقىپ، شېكىسپىر درامىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئوينىلىپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان، ۋاھالەنكى، بۇنىڭغا نۇرغۇن مەبلەغ كېرەك بولغاچقا، ئەينى ۋاقىتتا بۇنداق درامىلارنى ئويناش، مەيلى سان ياكى سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن، ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلەپ كېتىپ باراتتى. ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، شېكىسپىرنىڭ ئۆچمەس نامى پەقەت ئوقۇغۇچىلار ۋە بەزى كىتابخانىلار ئارىسىدىلا ساقلىنىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلەتتى. ئەھۋال ئەنە شۇ دەرىجىدە ئېغىر ئىدى. لېكىن كۆپچىلىك ئامما فىلوۋېرنىڭ تەكلىۋىگە ئانچە قىزغىن مۇئامىلە قىلمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، فىلوۋېر ئەپەندى قەتئىي بوشاشماي، ھەرقانداق ئېغىر چەلەقلاردىنمۇ باش تارتماي چىڭ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ تەكلىۋى ئاخىرى غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. 3 يىلدىن كېيىن، شېكىسپىر خاتىرە تىياتىرى تۇنجى قېتىم شېكىسپىرنىڭ «توخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈش» ناملىق كومېدىيىسىنى ئوينايدۇ. شۇندىن باشلاپ، خانلىق شېكىسپىر تىياتىر ئۆمىكى رەسمى قۇرۇلىدۇ. خەلق ئۇلارغا قاتتىق ئىشەنچ باغلايدۇ. چۈنكى بۇ ئۆمەك شېكىسپىرنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى داۋاملىق ئويناپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ نامىنى ساقلاپ قالالايتتى.

خانلىق شېكىسپىر تىياتىر ئۆمىكىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئاساسەن ئۇنىڭ ئەنگلىيىنىڭ تىياتىر ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

قاتتىق سوغاق بولۇۋاتقان تومانلىق قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە «جەنۇبىي جۇڭگو سەھەر گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى لوندوندىكى يېڭى پۈتكەن خانلىق شېكىسپىر تىياتىر ئۆمىكىنىڭ تىياتىر مەركىزىنى زىيارەت قىلدى. بۇ يەر ئادەتتىكىدەك ۋاڭ - چۇڭلۇق ئىدى، بۇ بىنانىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى خۇددى ھەرە كۆنىكىگە ئوخشايتتى، ئۇزۇن كەتكەن كارىدور سىمونت قۇرۇلمىلار ئارقىلىق ھەرە كۆنەكسى شەكلىدە سېلىنغان بۆلمىلەرگە بۆلۈنگەن ئىدى. گىرىمخانا، سەھنە، تىياتىر كىيىملىرى

تىكىش بولامدۇ، يالغان چاچ ياساش بولامدۇ، بېلەت سېتىش ئورنى قاتارلىق بۆلۈملەرنىڭ ھەممىسى كارىدورغا تۇتىشىدۇ. لىفت ئارقىلىق يۇقۇرى قەۋەتلەرگە چىقىپ، قاتار كەتكەن قوش قانىتلىق ئىشىكلەردىن بىر - بىرلەپ ئۆتسىڭىز گاھ رىتىملىق چېلىنىۋاتقان دۇمباق ئاۋازىنى، گاھ ئارتىستلارنىڭ ئېيتقان ناخشا ئاۋازلىرىنى، يەنە كەينىدىنلا مەلۇم مۇزىكىغا ئوينىلىۋاتقان ئۇسۇللارنىڭ رىتىملىق تاراقشىۋاتقان ئاياق ئاۋازىنى ئاڭلايسىز. قىسقىسى بۇ بىنانىڭ ھەممىلا يېرىدە سەنئەت دولقۇنى ئۆركەشلەپ مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى.

بىنانىڭ يەر ئاستى بۆلۈملىرىگە «ئارتىستلارنىڭ دەم ئېلىش ئۆيى» جايلاشقان بولۇپ، بۇنى ئۆمەك مەخسۇسلا ئارتىستلار ئۈچۈن تەييارلىغان ئىكەن. شۇ كۈنى كەچتە بۇ ئۆمەك «ھېنرى VI» نىڭ ئالدىنقى قىسمىنى ئويناشقا تەييارلانغان ئىكەن. ئويۇن باشلىنىشقا يەنە يېرىم سائەت قالغاندا، ئارتىستلار ئەشۇ ئىللىق ۋە ئازادە ئورۇنغا كەچلىك تاماق يېيىشكە مېڭىشتى. درامىدا سەھرالىق كىشىنىڭ رولىنى ئالغۇچى ئۆز ھەمراھىنىڭ دۇمبىسىگە دوستانىلىق بىلەن پەپىلەيتتى؛ «ھېنرى VI »نىڭ رولىنى ئالغۇچى بىلەن پاۋىس خانىم سەممىي سۆھبەتلەشمەكتە ئىدى. بۇ يەردىكى بەزى كىشىلەر دۇنيا بويىچە ئەڭ مەشھۇر ئارتىستلاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆك رەڭلىك خىزمەت شىمى كىيىپ، ئورۇندۇقتا دىسسەپ تۇرۇشلىرى ئادەتتىكى كىشىلەردىن قىلچە پەرق قىلمايتتى.

28 ياشلىق جىلارد. مورپى«ھېنرى VI »تە شاھزادە خالنىڭ رولىنى ئالغان ئىدى. ئۇ ئۇزۇن تەنھەرىكەت شىمى كىيىپ ئىككى پۇتىنى ئالماپ ئولتۇراتتى. تېخى يېقىندىلا ئۆتكۈزۈلگەن گېنېرال رېپېتىس تەسىرىدىن ئۇنىڭ يۇمىلاق يۈزى قىزىرىپ پاقىراپ كەتكەن ئىدى. بىز ئۇنىڭ ئۆزى رول ئېلىۋاتقان مەشھۇر قەھرىمانى ئۈستىدە گەپ ئاچقىنىمىزدا، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «سىز ئۇنى ئۆزگىچە بىر خىزمەت دەپ تونۇشىڭىز كېرەك. مەن شېكسپىرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن، شۇنداقلا بۇ رولنى ئېلىشنىڭ ئىنتايىن قىيىنلىقىنىمۇ بىلىمەن، ئەمما ئەشۇ قىيىنلىق پۈتۈنلەي ئەقلىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. تىياتىر ئۆمىكىنىڭ خىزمەت مۇكاپات پۇلى — قەھرىمانىنى تېخىمۇ كۆپرەك چۈشىنىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرەلەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.» ئۇنىڭ كۈلكىسى خۇددى كونترابasنىڭ ئاۋازىدەك بوغۇق چىقاتتى. ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئاۋازىمۇ خۇددى ئىرنى پۈتۈپ قالغان ئادەمنىڭ ئاۋازىدەك بوغۇق بولۇپ، بۇ ئاۋاز كىشىنى ئۇنىڭ سۆزىدىنمۇ بەكرەك ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى، ئەگەر سىز بۇ يەردىكى ئارتىستلارنىڭ سۆزىنى زەڭ قويۇپ ئاڭلىسىڭىز، بىز بىلەن ئەشۇ ئارتىستلارنى پەرقلەندۈرۈپ تۇرغان نەرسە پەقەت ئەشۇلارنىڭ ئاۋازىلا ئىكەنلىكىنى بىلىسىز، كۆپ يىللىق تەربىيىلىنىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاۋازى ھەقىقەتەنمۇ، شامال كاشتان دەرىخىگە ئۇرۇلغاندا چىققان ئاۋازغىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى. سىز ئەسلىدە بۇ ئاۋازنى ئاڭلىماقچى ئەمەس بولسىڭىزمۇ، لېكىن بۇ يەردە سىز ئۇنىڭدىن خالىي قالالمايدىكەنسىز. ئۇلارنىڭ ئاۋازى گويا ئادېن ئورمانلىقىدىن چىققان شاۋقۇنغىلا ئوخشايتتى.

ھېنرى VI نىڭ رولىنى ئالغان پاتىرىك. ستۇلتىنىڭ قىياپىتى پادىشا ۋە رىم ئاقسۆڭەكلىرىگە ئىنتايىن ئوخشايتتى. ئۇنىڭ مەيلى سەھنىدە رول ئالغان چاغدىكى ئاۋازى بولسۇن، ياكى بۇ يەردە باشقىلارنى كەچلىك تاماققا چاقىرغان ۋاقتىدىكى ئاۋازى بولسۇن،

خۇددى كىلارنىتنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ناھايىتى يېقىملىق ئاڭلىناتتى. ئۇ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «شېكسپىر درامىلىرىنى ھېچكىم ئۇنداق قايناق ھېسسىيات بىلەن ئوينىيالمايدۇ، دېيىشىدۇ، ئەمما مانا مەن ئوينىيالايمەن. مېنىڭ بۇنداق قايناق ھېسسىياتىم ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قىلچىمۇ سۇسلىشىپ قالغىنى يوق. پەقەت ماڭا ئىلھام بېغىشلىيالايدىغان بىرەر شارائىت بولسىلا شېكسپىر ئەسەرلىرى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنالايمەن.» ستولېت بۇ تىياتىر ئۆمىكىدە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ بۇ جەرياندا «ۋېنېتسىيە سودىگىرى»دە شاروقنىڭ رولىنى، «ياز كېچىسىدىكى چۈش»تە بىرانىنىڭ رولىنى ۋە يەنە نۇرغۇن درامىلاردا مۇھىم روللارنى ئالغان.

درامىدا پاۋزى خانىمنىڭ رولىنى ئالغان خالىت. ۋولتېر خانىم باشقا ئارتىستلارغا قارىغاندا تېخى ياش ئايال بولۇپ، ئۇ بۇ ئۆمەككە قاتناشقىنىغا تېخى ئەمدىلا ئىككى يىل بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ يوغان قوي كۆزلىرى ئىنتايىن سەبى كۆرۈنەتتى. ئۇ پادىشانىڭ رولىنى ئالغان ستولېت بىلەن قالتىس ماسلىشىپ باش رول ئالىدىكەن. ئۇ بېشىدىكى جامىس 1 دەۋرىگە خاس بولغان يوگۇمەچ چاچلىرىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ: «شېكسپىر ئەسەر يازغاندا ھەرقايسى تەبىقىلەرگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. ئاياللاردىن بۇنداق رولنى شېكسپىرنىڭ يازغىنىدەك، ئەشۇنداق تەلەپ بويىچە ياخشى ئېلىپ چىقالايدىغانلار كۆپ ئەمەس، ئەمما ئەرلەر ئىچىدە خېلى بار» دېدى.

ستولېتمۇ: «ئەگەر بىرەر ئارتىست خاملېت، رومېئو ياكى باشقا مۇھىم باش روللارنى ئېلىپ چىقماقچى بولسا، ئۆمەك ئالدى بىلەن ئۇنىڭ نىسبەتەن مول تەجرىبىگە ئىگە بولۇشىنى ئۈمىت قىلىدۇ. مەن بۇرۇن تىياتىر مەكتىپىدىن كەلگەن بەزى ئايال ئارتىستلارنىڭ جولېتتا ۋە كلېئوپاترانىڭ رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئالغانلىقىنى كۆردۈم. يەنە نۇرغۇن ئايال ئارتىستلار كېلىپ، 6 ئايدەك تۇردى. ئەمما ئۇلار ئۆزى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىيالىغىدەك بىرەر قەھرىماننىڭ رولىنى ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدى» دېدى. بىرەر رولنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش - چىقالماسلىق، خالىق شېكسپىر تىياتىر ئۆمىكىدىكى ئارتىستلارنىڭ ھەممىسى ئورتاق يولۇقىدىغان بىر مەسىلە ئىكەن. باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۇزۇندىن بېرى ئۆزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق، بۇ ئۆمەك ھازىر ئارتىستلار بىلەن ئىككى يىللىق توختام تۈزۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپتۇ. بۇ مەزگىل ئىچىدە شۇ ئارتىست 4 تىن 5 كىچە بولغان تىياتىردا رولغا چىقىشى، شۇنداقلا دائىم بىرلا ۋاقىتتا ئىككى قەھرىماننىڭ رولىنى ئېلىشى لازىم ئىكەن. توختام مۇددىتى توشقاندا، ئارتىست بۇ ئۆمەك بىلەن يېڭىدىن توختام تۈزىدىكەن، ياكى باشقا يولنى تاللىۋالىدىكەن.

بۇ شات - خوراملىق ۋە شاۋقۇن - سۈرەنلىك ئورۇننىڭ يۇقۇرى قەۋەتلىرىگە تىياتىر ئۆمىكىنىڭ باشقۇرۇش مەركىزى جايلاشقان ئىكەن. تورۇس ۋە تۈگۈلۈكلىرى ناھايىتى يورۇق، پاكىزە بولغان بۇ ئىشخانىلارغا مۇشۇ ئۆمەكتىكى 10 رېژىسسور بىلەن 2 بەدىئىي يېتەكچىنىڭ ئىشخانىلىرى جايلاشقان ئىكەن. ترېۋورنۇننىڭ بۇ يەردە بەدىئىي يېتەكچى بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىغا خېلى يىللار بوپتۇ. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇ ئۆمەكنىڭ يېقىندىن بېرى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى ئۇنىڭغا مەنسۇپ، دەپ قارايدىكەن. خەنز ئىسىملىك يەنە بىر مۇئاۋىن بەدىئىي يېتەكچى بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كېتەتتۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە

بۆلۈمىسىدە مۇخبىرغا ئەدەپ بىلەن ئۆزى ئىشلەۋاتقان ئۆمەكنى ناھايىتى ياخشى باھالاپ بەردى:

«مېنىڭچە، بەزىبىر ئوخشاش - چوششەك تەرەپلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ ئۆمەكنىڭ ئاساسەن مۇنداق 3 چوڭ ئارتۇقچىلىقى بار. 1 - بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئۆمەك دۇنيادا ناھايىتى ئاز تېپىلىدۇ. رېژىسسور بىلەن كۆپلىگەن ئارتىستلار بۇ ئۆمەكتە 20 نەچچە يىلدىن بېرى ئىشلەپ كەلمەكتە. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا خېلى تەس ئىش، شۇنداقلا بۇ، ئۆمىكىمىزنىڭ ئاساسلىق ئارتۇقچىلىقى. 2 - بۇ ئۆزىنى مەخسۇس شېكىسپىر ئۈچۈن ئاتىغان ئۆمەك. بىزنىڭ ئىمىمىز دۇنيادا بىردىن- بىر ئىسمى- جىسمىغا لايىق شېكىسپىر تىياتىر ئۆمىكىدۇر. بىز بارلىق ۋاقتىمىزنى شېكىسپىر دىرامىلىرىنى ئويناشقا سەرپ قىلىمىز. 3 - بىز ئىنگلىز تىلىنى قوللىنىمىز. بۇ تىل دۇنيادا ھازىرغىچە ھەممە كىشى چۈشىنەلەيدىغان ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئەركىن، تىياتىر تىلىغا ئەڭ ماس كېلىدىغان بىر تىلدۇر».

«بىز كونا سۆز تەرتىۋىنى ۋە پېئىللارنى تاشلىۋەتتۇق. بۇ تىل بىلەن مەلۇم سۆزنى ھەم ئىنتوناتسىيە بىلەن ئوقۇغىلى، ھەم ئۇزارتقىلى، ھەم قىسقارتقىلى، شۇنداقلا ئۇ سۆزنى ھەم تېز ئوقۇغىلى، ھەم ئاستا ئوقۇغىلى بولىدۇ. لاتىن تىلىدىكى سۆز يىلتىزلىرى بىلەن ناھايىتى دەبدەبىلىك جۈملىلەرنى ياسىغىلى بولىدۇ؛ ساكسون تىلىدىكى سۆز يىلتىزى ئارقىلىق ياسالغان جۈملىلەر بىلەن ئىسىملارنى ۋە قاپىيىلەرنى ۋەزنىگە چۈشۈرۈپ توغرا تەلەپپۇز قىلغىلى بولىدۇ، شۇنداقلا كېلت تىلىنىڭ سۆز يىلتىزى بىلەن كۆپ مەنىلىك ۋە سىرلىق جۈملىلەرنىمۇ ياسىغىلى بولىدۇ. بۇ ئىشلارنى بىزنىڭ ئارتىستلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىيالايدۇ. ئىتالىيىلىكلەر ئۆز رەسساملىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ، نېمىسلار مۇزىكىسى بىلەن پەخىرلىنىدۇ، بىز بولساق ئۆز تىياتىرىمىز بىلەن پەخىرلىنىمىز».

بۇ ئۆمەكنىڭ بېرىلگەن يۇقىرىقى قىسقىچە باھانى ئەمەلىيەتكە خېلىلا ئۇيغۇن دېيىشكە بولىدۇ. بۇ باھا ئومۇمىلىققا ئىگە، ئەلۋەتتە. كۆپلىگەن كىشىلەر، مەيلى بۇ ئۆمەكتىكىلەر بولسۇن، ياكى ئۆمەك سىرتىدىكىلەر بولسۇن ھەممىسىنىڭ مەدەنىيەت، تىل، تىياتىر ئەنئەنىلىرىگە بىردەك ۋارىسلىق قىلىشى — خانلىق شېكىسپىر تىياتىر ئۆمىكىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشىدىكى يادرولۇق مەسىلە، دەپ قارايدىكەن.

بۇ ئۆمەك ئۆز قارمىقىدىكى نىسبەتەن كىچىكرەك بولغان يەنە ئىككى ئۆمەكنىڭ دىرامىلىرىنى ئويناش بىلەنمۇ مەشھۇر. بۇنداق قىلىش ئەنگلىيىنىڭ قەدىمقى ۋە ھازىرقى زامان دىرامىلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە كۆچلۈك رول ئوينىشى مۇمكىن. بۇ ئۆمەك بىر مۇھەررىر ياللاپ، كىلاسسىك ئەسەرلەرنى تەكشۈرۈپ، ئەنگلىيىنىڭ بۇرۇنقى داڭلىق يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھەر يىلى 500 پارچىنى ئوقۇپ تەكشۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ مۇھەررىرنىڭ ئىسمى كورلېن چامبېرس بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «كۆپلىگەن مۇنتىزىم تىياتىر ئۆمەكلىرى ئاممىنىڭ شېكىسپىرغا ۋە ئۇنىڭغا زامانداش بولغان دىراماتورگلارغا بولغان تەلۋىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. بىز يېقىندا «ئەپيۇنگول» ناملىق مۇزىكىلىق دىرامىنى ئوينىدۇق. ئەمما بۇ دىرامىنى ھېچقانداق ئۆمەك بىزدەك بىرىنچى قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بۇنداق سەپەتلىك ئوينىپ چىقالمىغان ئىدى. خانلىق شېكىسپىر تىياتىر ئۆمىكى ئارتىستلار سېپىدىكى

باشتىن - ئاخىر ساقلاپ كەلدى. ئەمما كۆپلىگەن تىياتىر ئۆمەكلىرى ھازىرقىدەك خىراجەت بىلەن بۇ ئارتىستلارنى بىر يەرگە جەملىيەلىشى ناتايىن» دەيدۇ.

خانلىق شېكسپىر تىياتىر ئۆمىكى ئەنە شۇ ئەنئەنىنى ئومۇمى يۈزلۈك تەكىتلىگەچكە، بەزىلەرنىڭ «ئۆزىچە كۆرەڭلەپ كەتتى»، «ئەقلىي كۈچىگە تولىمۇ ئىشىنىپ كەتتى» دېگەندەك تەنقىتلىرىگىمۇ ئۇچراپتۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا «رىژىسسورنىڭ ئۆمىكى» دېگەن لەقەممۇ قويۇلۇپتۇ. ئەمما بۇ لەقەم تېخى تالاش - تارتىش ئىچىدە تۇرۇۋېتىپتۇ.

كىشىلەرنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئابروي قازىنىپ كېلىۋاتقان بۇ ئۆمەككە بولغان باھاسى بىردەك ئەمەس ئىكەن. بەزىلەر «بۇ ئۆمەك ھەممە ئىشنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋېلىپ، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىۋاتىدۇ» دېسە، يەنە بەزىلەر «بۇ ئۆمەكتە كۈچلۈك قابىلىيەتكە ئىگە رىژىسسور بار. تىرېۋور. نۇننىڭ رەھبەرلىك قابىلىيىتى ئۇنىڭ مۇھىم ئارتۇقچىلىقلىرىدىن بىرى ھېساپلىنىدۇ» دەپ قارايدىكەن. بۇنداق پىكىرلەرگە نىسبەتەن ئۆمەكنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ ھەرخىل كۆزقاراشلار بار ئىكەن.

سىتولىت مۇنداق دەيدۇ: «قىلچىمۇ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەسكى، شېكسپىردىن قالسىلا، يەنە بىر مۇھىم تەسىر كۈچىگە ئىگە ئامىل — رىژىسسوردۇر». خەنز بولسا بۇ خىل كۆز قاراشقا قوشۇلمايدۇ. ئۇ: «مېنىڭچە، كىشىلەر تىياتىرخانىغا بىرەر رىژىسسورنىڭ ئەسىرىنى كۆرگىلى ئەمەس، بەلكى تىياتىرنى ۋە ئارتىستلارنى كۆرگىلى كېلىدۇ» دەيدۇ.

كېلىت تېخىمۇ باشقىچە بىر خىل كۆزقاراشتا ئىكەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭچە، بۇ ئۆمەكنىڭ ئاساسىي ئارتۇقچىلىقلىرىدىن بىرى شۇكى، بىز ئون رىژىسسور زىچ بىرلەشكەن بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ ئويۇشقانمىز. ئەمما ھەممىمىزنىڭ ھەر خىل ئاجايىپ ھەۋەس، سەرگۈزەشتە ۋە تەجرىبىلىرىمىز بار. شۇڭلاشقىمۇ كۆپچىلىك ئورتاق نىشان ئۈچۈن بىرلىكتە ئىشلەيدۇ. ئەڭ گەۋدىلىك نەرسە شۇكى، كۆپچىلىك شېكسپىرنىڭ ئەسەرلىرىگە ئىنتايىن قاتتىق ھەۋەس قىلىدۇ.»

مۇھەممەت مېھرۇللا تەرجىمىسى

### كىنو - تىياتىرخانىلارغا كىرگەندە

ئەگەر سىز كىنوخانا ياكى تىياتىرخانىغا كېچىكىپ كىرىپ، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە ئالدىڭىزدىكى سەھنە تەرەپكە قىلىپ قولىڭىز بىلەن ئالدى قاتاردىكى ئورۇندۇقنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئاستا - ئاستا ئۆتۈڭ، باشقا كىشىلەرگە سوقۇلۇپ كېتىشتىن ياكى پۇتىنى دەسسەۋېلىشتىن ئېھتىيات قىلىڭ.

سىز ئۆتۈۋاتقاندا تاماشىبىن ئورنىدىن تۇرۇپ يول بوشاتسا ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىڭ. ئەگەر ئولتۇرۇپ كىنو كۆرۈۋاتقاندا باشقا بىرسى ئالدىڭىزدىن ئۆتمەكچى بولسا 2 پۇتىڭىزنى يىغىپ ئۆتۈۋېلىشىغا يول قويۇڭ. ئەگەر ئارىلىق بەك تار بولۇپ باشقىلار ئۆتەلمىسە بىردەم ئۆرە تۇرۇڭ. ئەگەر كىنو باشلىنىپ بولغان بولسا ھەركىتىڭىزنى تېزراق ئاخىرلاشتۇرۇڭ، ئۇنداق قىلمىسىڭىز ئارقىڭىزدىكى كىشىلەرگە توسالغۇ بولۇپ قالىسىز.

كىنو - تىياتىرخانا — ئاممىۋى سورۇن، بۇ يەردىكى قائىدە - يوسۇنلار كىشىلەرگە قولايلىق يارىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، كىنو ياكى تىياتىر كۆرۈۋاتقاندا يېنىڭىزدىكى دوستىڭىز بىلەن پاراڭ سالماڭ، كۆرگىنىڭىز كەلمىگەن ھالەتتىمۇ باشقىلارنىڭ بەھرىمەن بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقىڭىز لازىم.

# ئىنسانغا مۇھەببەت

(ھېكايە)

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

نەرسە - كېرەكلەرنى كۆتۈرۈپ بىكەت دەرۋازىسىدىن كىرىشىمگىلا ئەينىكى چۈشۈرۈۋېتىلگەن دەرىزىلەردىن بېشىنى چىقىرىۋېلىشقان ۋە ئىشىك ئالدىدا توپلىشىپ تۇرغان يولۇچىلارغا كۆزۈم چۈشتى - دە، جىمى كۈچۈمنى ئاياقلىرىمغا توپلاپ، بىر پەستىلا ئاپتوبۇز يېنىغا يېتىپ كەلدىم.

كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ ئاپتوبۇزغا چىقىۋالماقچى بولۇۋىدىم، ئىشىك ئالدىدا تۇرغان بىلەت تەكشۈرگۈچىنىڭ «بولۇۋاتقان ۋەقەنى كۆرمەيۋاتامسەن؟» دېگەندەك قىلىپ ھەيۋىسى مېنى چىپپىدە توختىتىپ قويدى. مەن كىشىلەر توپىغا كۆز تاشلىدىم.

توپ ئوتتۇرىسىدا 35 ياشلاردىكى بىر ئەر كىشى، جىگەررەڭ توقۇلمىدىن كالتە چاپان كىيىپ، يېشىل يۇڭ ياغلىق چىگىۋالغان چوكاننىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ نىمىلەرنىدۇ دەپ يالۋۇرماقتا ئىدى. 12 - 10 ياشلاردىكى ئىككى ئوغۇل بالا چوكاننىڭ پېشىگە مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ، يىغلاپ، يېلىنىۋاتاتتى.

— ئانا، كەتمىگىن، كەتسەڭ ئاكام مېنى ئۇرىدۇ.

— جېنىم ئاپا، مېنىمۇ ئېلىپ كەت، مەنمۇ كېتىمەن.

— .......

— ئوبدان خوتۇن مېنىڭ نىمە دېسەڭ مەيلى، بالىلارنىڭ بولسىمۇ يۈزىنى قىل. كېتىپ نىمە قىلىسەن، بوپتۇ ئەيۋىمنى بويۇنۇمغا ئالاي، دېگىنىڭنىمۇ بىر گەپلا ئېلىپ بېرەي، — دەيتتى ھېلىقى ئەر كىشى چوكاننىڭ كۆزىگە يېلىنىش نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرۇپ.

مەن، چوكاننى بۇ ئەر كىشىنىڭ خوتۇنى ۋە ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ تەخمىن قىلدىم. چوكان بولسا ھېچنىمە ئاڭلىمىغان كىشىدەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئاسمانغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ يەر - بۇ يەردىن تۆشۈك ئېچىلىپ قالغان كىيىملەرنى كىيىۋالغان يىغلاڭغۇ بالىلارنىڭ پۇتلىرىدىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ يۈرەكنى تىترەتكۈدەك ئاھاڭدا يالۋۇرۇشلىرىمۇ ئۇنىڭ پەرۋايىدىن چەتتە ئىدى.

ئاق خەسىدىن تىكىلگەن كالتە كۆينىكىنىڭ ئۈستىدىن بېلىنى باغلىۋالغان ئەر كىشىنىڭ بۇ ھالدىن ئاچچىقى كەلگەن بولسا كېرەك، ئۇ يالۋۇرۇش - يېلىنىشلىرىنى بىراقلا توختىتىپ «نەگە بارساڭ بار، ساڭا ئەمدى يالۋۇرۇردىغان ئاغزىم يوق» دەپ ۋاقىراپلا بالىلارنىڭ قوللىرىنى ئانىسىنىڭ پېشىدىن سىلكىپ ئاجرىتىپ ئۇلارنى دۈچكەلگەن پېتى كېتىپ قالدى.

ئىشىك «غارت» قىلىپ ئېچىلىشىغىلا ھەممىمىز ئاپتوبۇزغا ئېتىلىپ ئۇدۇل كەلگەن يەردىن ئورۇن ئالدۇق. ھېلىقى چوكانمۇ كەينىمگىلا جايلىشىۋالدى.

كۆككۈش سىرلىق ئاپتوبۇز تۆمۈر رىشاتكىلىق دەرۋازىدىن بېشىنى چىقارغاندا ئەتىگەنلىك شەپەق تارقاپ، كۈن نۇرى چېچىلىشقا باشلىغان ئىدى. ماي ئېيىنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىدا چاقناۋاتقان ئاپتاپ دەرىزىدىن ئېتىلىپ كىرىپ يولۇچىلارنىڭ باشلىرىنى ياكى يۈزلىرىنى لىپ - لىپ قىلىپ يورۇتۇپ ئۆتەتتى.

خاتىرەمدە قېلىشىچە، ئادەتتىكى چاغلاردا ئۈزۈن يوللۇق ئاپتوبۇس «گۈر» قىلىپ توزغالدىمۇ، يولۇچىلار بىردىنلا جانلىنىپ نەرسە-كېرەكلىرىنى جايلىشاتتى. ياكى يېنىدا ئولتۇرغان سەپەرداشلىرى بىلەن تونۇشۇپ بىلىشقا ئالدىرايتتى. بەزىدە يىراق سەپەرنىڭ تىنجىسىزلىقى خۇشاللىقىدا ئىگىشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلايتتى. ئۆزئارا چاقچاق قىلىشاتتى. بىراق بۈگۈنكى ئەھۋال ئادەتتىكى چاغلاردىكىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. كۈلكە - چاقچاق ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا پىچىرلىشىپ سۆزلەشكەن ئاۋازمۇ يوق. بەزىلەر خۇددى بىر نىمىسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ياكى زورۇ - زور سەپەرگە ئاتلىنىۋاتقاندەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ئۈندىمەي ئولتۇرۇشاتتى. ئىشقىلىپ بۈگۈنكى سەپەرنىڭ بىر يېرى غەلىتە ئىدى.

بىراق، يېنىمدىكى ئورۇندۇقتا مەن بىلەن قاتارلىشىپ ئولتۇرغان بىر چار ساقال كىشى بۇ جىمجىتلىقتا چىداپ تۇرالمىغان بولسا كېرەك، ھېلىقى چوكان تەرەپكە بويىنىنى سوزۇپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئۇكام، ئۆزلىرى نەگە بارىلا؟

مېنىڭ مۇنداقلا كۆزىتىشىمچە، بۇ ئايال ئاپتوبۇسقا چىققاندىن بېرى بەئەينى غىل - پال قىلىپ ئۆتۈۋاتقان تېرەكلەرنى سانىماقچى بولغاندەك دەرىزىدىن كۆزىنى ئۈزمەيۋاتاتتى. ئۇ ناتونۇش كىشىنىڭ ئۆزىگە سوئال قويىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن بولسا كېرەك، سەل چۆچۈگەندەك بولۇپ كۆزىنى دەرىزىدىن يۇلۇپ ئالدى - دە، خالا - خالىماس جاۋاپ بەردى.

— كۆكچارغا.

— ھە، ئۇنداقتا يولىمىز بىر ئىكەن - دە، — بادام دوپپىلىق چار ساقال كىشى بېشىنى لىڭشىتقاچ ئالدىنى چوكان تەرەپكە توغرىلىۋالغاندىن كېيىن يەنە سوردى:

— بايامقى كىشى ئۆزلىرىنىڭ ئېرى بولامدۇ ئۇكام؟

— ھەئە.

— ھېلىقى باللارمۇ سىلىنىڭمۇ؟

— ھەئە.

— سىلىگە ئۆگەي ئەمەستۇ؟

ئارقىمۇ - ئارقا قويۇلغان سوئاللارغا ئۈزۈل-لۈق جاۋاپ بېرىۋاتقان چوكان كېيىنكى سوئالدىن بىرەر ئوڭايسىزلىق ھېس قىلدىمۇ، چار ساقال كىشىگە قاراپ بىلىنەر - بىلىنمەس ئالىيىپ قويۇپ يەنە دەرىزىگە قارىۋالدى.

تەخمىنەن 7 - 6 كىلومېتىر يول باستۇقمىكىن، شەھەر سىرتىدىكى سايغا ئەمدىلا ئۆلىشىۋىدۇق، ماتوردىن كېلىۋاتقان غەلىتە ئاۋازنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىدىن بولسا كېرەك، شوپۇر ئاپتوبۇسنى تورمۇزلاپ يولنىڭ چېتىدە توختاتتى. سەپەرنىڭ قاق ناشتىدا ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمىغان يولۇچىلار دۈپۈرلىشىپ يەرگە چۈشۈپ ماتورنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى كولچىلاۋاتقان شوپۇرنىڭ ئەتراپىغا گۇررىدە ئولاشتى - دە نەتىجىسىز ئۈزۈنۈشلارغا سەپسېلىپ قارا تۇرۇشتىن بىردەمدىلا زېرىكىپ بىردىن، ئىككىدىن تارقىلىشقا باشلىدى. ھېلىقى چارساقال كىشى قىرىق ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بوي، سېمىز كەلگەن بىر ئايال بىلەن قانداقتۇ بىر نىمىلەر توغرىسىدا قىسقىغىنە پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئاپتوبۇسدىن چۈشۈپلا ئېرىق بويىغا بېرىپ قاتتىق گىردىنى غاجىلىغاچ يىگانە ئولتۇرغان چوكاننىڭ يېنىغا كەلدى. چوكان سەپەرداشلىرىغا قاراپ زورغا كۈلۈمسىرەپ قويدى - يۇ، ئۈندىمىدى. چارساقال كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ يەنە گەپ تەشتى.

— ئۇكام، ئەرلىرى بىلەن خاپا بولۇشۇپ قالدىلىمۇ نىمە؟

— ......

— ھەي ئىسىت، قىزىل گۈلدەك بالىلار ئىكەن، يىغلىشىپلا قالدى بىچارىلەر، — سېمىز ئايال ئېگىشىپ تۇرۇپ دېدى، — ئۇكام ماڭا

قارىسىلا، ئەرلىرى يامان ئادەم ئەمەستەك قىلىدۇ، سىلىگە بەكمۇ يالۋۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كېيىنى ئالمىسىلىمۇ بالىلارنى تاشلاپ قويمايدىغان گەپ ئىدى، شۇنداق چىرايلىق چوڭ بولغان بالىلار ئىكەن، ئانىسىز تەس بولىدىغان بولدىدە ئۇلارغا. سېمىز خوتۇننىڭ سۆزى تۈگىمەستىنلا چوكاننىڭ يۈزىگە قىزىللىق ئۆرلەشكە، ئاندىن كېيىن ئىنچىكە قاشلىرى ئاستىدىكى مۇڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان چوڭ - چوڭ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى، سېمىز ئايال دەرھال تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاق داكا ياغلىقنىڭ بۇرجىكى بىلەن ئۇنىڭ يېشىنى سۈرتۈۋىدى، چوكان زىيادە يەل بېرىلگەن شار بىردىنلا يېرىلىپ كەتكەندەك گىرىپتىشىن كۆينىكىنىڭ پېشى بىلەن يۈزىنى توسقان پېتى ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى.

— يىغلىمىسىلا ئۇكام، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، — چارساقال كىشى ئۇنىڭ يىغىسىدىن بىئارام بولغاندەك دېدى، — ھېچقىسى يوق، چىنە - قاچىلارنى قانچە ئاۋايلىغان بىلەنمۇ يەنە جاراڭ - جۇرۇڭ تېگىشىپ كېتىدۇ. سەن - پەن دېيىشىپ قالغان بولسىلا يەنە يارىشىۋالغىلى بولىدۇ. مۇنداق بولسۇن، يولدىن ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلاردىن بىرىنى توساپ سىلىنى سېلىپ قويايلى ئۇكام، قايتىپ بېرىپ ئەرلىرى بىلەن يارىشىپ قالسىلا.

يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ بالىلارنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەن يولۇچىلارمۇ سېمىز ئايال بىلەن تەڭلا چارساقال كىشىنىڭ نەسىھىتىنى بىر ئېغىزدىن قۇۋۋەتلىدى. ئىككى - ئۈچ ئايال چوكاننىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنى بەزلەشكە، تېگىشمەيۋاتقان كۆز يېشىنى سۈرتۈشكە تۇتۇندى.

— نەسىھەتلىرىگە رەھمەت ئاكا، — دېدى چوكان مەيۈسانە ئاھاڭدا مەن قايتمايمەن، ئۇ ماڭا قول سالدى، ھەممە نەرسىدىن ئۆتسەممۇ تاياقتىن ئۆتمەيمەن!

— ھە، بۇلار ئۇرۇشۇپ قاپتىكەندە؟!

— بۇ چوكاننىڭمۇ دەردى بار ئىكەن.

— بولدىلا، سەن ئۇنى يەنە ئېچىتما!

شوپۇرنىڭ توپ ئارىسىغا كىرىپ كېلىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ غۇلغۇلىسىمۇ قايناپ تۇرغان قازانغا سوغاق سۇ قۇيغاندەك بىردىن بېسىقىپ قالدى. شوپۇر ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان كىشىلەرگە ئاپتوبۇز ماتورىنىڭ قانداقتۇر مۇھىم زاپچىسىنى ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلگەنلىكىنى، بىكەتتىن ئانچە ئۇزاپ كەتمىگەن بولغاچقا قايتىپ بېرىپ زاپچاسنى ئالماشتۇرۇپ يولغا چىقسىمۇ قونالغۇغا ئۈلگۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتىۋىدى، ئۇ سۆز ئويلىمىغان يەردىن شەرتسىز قوبۇل قىلىندى.

ئۇلارنىڭ خۇددى ئاپتوبۇزدىن چاتاق چىقىپ قېلىشىنى تىلەپ تۇرغاندەك بۇ گەپكە ئاسانلا ماقۇل كېلىشى ماڭا قىزىق ۋە سىرلىق تۇيۇلدى. چۈنكى بايام ئېيتقىنىمدەك بۇرۇنقى سەپەرلىرىمدە بۇنداق ھالنىمۇ ئەلۋەتتە ئۇچراتمىغان ئىدىم.

چارساقال كىشى ۋە سېمىز ئايال ھېلىقى چوكاننىڭ قولتۇقىدىن يۆلىگىنىچە ئاپتوبۇزغا ھەممىدىن بۇرۇن چىقتى. سەپەرداشلىرىمۇ بۇلارغا ھەدەپ يول بېرىپ ئاكتىپلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى.

بېشى توغرىلانغان ئاپتوبۇز ئىتتىكرەك ماڭغان ھارۋا سۈرئىتى بىلەن شەھەر تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. چارساقال كىشى ۋە سېمىز ئايالغا ياندىشىپ ئالتە، يەتتە كىشى چوكاننىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇۋېلىپ، ئۇنى ئاڭلىمىسۇن دېگەندەك ئۇندۇلۇك پاراڭ سوقماقتا ئىدى.

— ھەي، ئۇرۇشقىدەك، يامانلاپ ماڭغىدەك نېمە ئىش بولغىيتتى بۇ؟

— بىر ئۆي دېگەندە ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن سىلە - ئۆزلىرى بىلەن ئۆتمەك تەس، بەلكى بىر بىرى بىلەن گەپ تالىشىشتىن كېلىپ چىققان جېدەلدۇر!

يەنە بىرەيلەن «لاتا - پاتىنىڭ جېدىلىمۇ يا؟»

دېۋىدى باياتىن بېرى يېشى قۇرۇپ كەتكەن كۆزىنى ئەتەي ئۇزۇۋالاپ ئولتۇرغان چوكان يېنىغىدە كۈلۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى يولۇچىلار ئارىسىغا خوشاللىق ئېلىپ كەلدى، باياتىن ئەسەبىيتىنىڭ ئۇنىڭ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چارساقال كىشى چوكان ئاڭلىماي قالمىسۇن دېگەندەك ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىن كېلىپ دېدى:

— مانا قارىماملا ئۇكام، خۇدا بالىلىرىنىڭ دادىغا يېتىپتىكەن، بىر سەۋەپ بىلەن كەينى- ھېزگە قايتۇردى. بۇمۇ بىر ئىرادە، ئىرادىغا بويتەي ئامال يوق، ئەرلىرىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ سالغان بولسىلا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ناماقۇل بولسىلا، خاپا بولمىسىلا ئاتىسى، يېنىكلىك قىلىپ سالغان بولسام كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، — دەپ باقسىلىچۇ قېنى، ئەرلىرىنىڭ «ۋاي خوتۇن، ھەممە سەۋەنلىك مەندىن ئۆتتى» دېمىگىنىنى كۆرەي!

ئاپتوۋۇزدا ماتور ئاۋازىنى بېسىپ چۈشكۈ- دەك كۈلكە كۆتىرىلدى. چوكانمۇ بۇ كۈلكىگە ئىختىيارسىز قوشۇلۇپ سېمىز ئايالنىڭ مۆرىسى- گە بېشىنى قويدى.

ئاپتوۋۇز قوزغالغىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان باياتىن بېكەتكە يەنە كىرىپ كەلدى. مېنىڭ يەنە بىر ھەيران قالغىنىم ۋە تېگىگە يېتەلمى- گىنىم شۇ بولدىكى، چوكاننىڭ ئېرى ئىككى ئوغلىنىڭ مۆرىسىگە قولىنى قويغان پېتى ئاپتو- ۋۇز كېلىۋاتقان تەرەپكە كۆز تىككىنىچە دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇراتتى. بالىلار ئاپتوۋۇز دەرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۆزلى- رىگە قاراپ قول پۇلاڭلىتىۋاتقان ئانىسىنى ئالدى بىلەن كۆرۈپ ھېيتلىق ئالغاندەك خوشال بولۇشۇپ- دە، ئۇچقاندەك تېزلىك بىلەن دادى- سىغا بىر نېمىلەرنى دېگەچ چۇقۇراشقان پېتى ئاپتوۋۇزنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. چوكانمۇ ئىشىك ئېچىلىشىغىلا ئېتىلىپ چۈشۈپ بالىلىرىنى خۇددى كۆرمىگىلى ئۇزۇن بولغان- دەك قۇچىقىغا تارتتى. بالىلار ئانىسىنىڭ چىرا- يىغا تويماي قارايتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن قانداق

تۇر بىر ئۆزگىرىشنى كۆرمەكچى بولغاندەك سەپسالاتتى. قايتا قوزغالغان ئانىلىق مېھرىنىڭ قۇچىقىدا ئەركىلەيتتى.

بىر ھازا قۇچاقلاشقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى دەرۋازا يېنىدىكى سۇپىدا ھېلىغىچە ھېچنېمە كۆرمىگەندەك قىياپەتتە قوللىرىنى كەينىگە تۇتۇپ ئۆرە تۇرغان ئاتا تەرەپكە تەڭلا تاشلاندى. بالىلىرى، قايتىپ كەلگەن ئانىسىنى، دادىسىنىڭ خۇددى ئۆزلىرىدەك قارشى ئالمايۋاتقانلىقىغا نارازى بولدى، بولغاي چوڭ ئوغۇل ئازراق ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى- دە، دادىسى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى، مەنمۇ يولۇچىلار قاتارىدا كۆرۈپ تۇراتتىمكى ھېلىقى بالا دادىسىنىڭ سىلكىشىدىن خاپا بولۇپ دومسىيىپ، ئىرىنىغىنى كولىغاچ ئاستا قەدەملەر بىلەن ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ئانا- بالىنىڭ قايتا جەم بولغان چېغىدىكى خوشاللىقلىرىغا ئورتاقلىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇملىرى بارا- بارا ئۆچۈش- كە باشلىدى. چارساقال كىشى ۋە ھېلىقى سېمىز ئايال بىرەر كېلىشمەسلىك ھېس قىلغاندەك ئۆزلىرىگە ئوخشاش جىمىقىپ كەتكەن يولۇچى- لارغا بىر كۆز يۈگۈرتۈۋالدى- دە، مەنىلىك ئىشارە قىلىشىۋېلىپ، دەرۋازا تەرەپكە ئاستا قەدەم تاشلىدى. بىكار تۇرۇۋېلىشتىن زېرىك- تىممۇ، مەنمۇ يولۇچىلار ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ چوكاننىڭ ئېرى تۇرغان يەرگە باردىم ۋە ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قاراپ چىقتىم.

ئۇ ئوتتۇرا بويى كىشى بولۇپ، قويۇق ۋە ئۇزۇن بۇرۇتى قارامتۇل سوزۇنچاق يۈزىگە خېلى سۈلەت بېغىشلاپ تۇراتتى. ئادەتتە ھامال- لىق ياكى باشقا ئېغىرراق ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانسا كېرەك، كۆزلىرى ئولتۇرشاڭغۇ ئىدى. قوۋۇزلىرى سەل- پەل ئىچىگە تارتى- لىپ كەتكەچكە ياڭاق سۆڭەكلىرى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىناتتى.

يېنىغا كەلگەن كىشىلەرنى كۆزەتكەچ سېلىپ قاتتىق رەنجىگەنلىكىنى ئىپادە قىلىدىغان قاراش بىلەن دەرۋازا يېنىدىكى تېرەكنىڭ ئۈچىغا قارىدىنىچە تىك تۇرغان بۇ ئەركەك، ياخشى ياكى يامان نىيەت بىلەن ئۆزىگە ئۈنچى بولۇپ ئېغىز ئاچقان كىشىنى ئۇرۇۋېتىدىغان ئەلپازدا قوشۇمىسىنى تۈرگەن ئىدى. يولۇچىلار ئارىسىدا ھېلىقى چارساقال دۇغلاق يۈزلۈك كىشى ھەممىدىن جۈرئەتلىك بولسا كېرەك، ئۇ سالماق قەدەملەر بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئەدەپ بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى:

— ئۇكام قارىسىلا، ئاياللىرى خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن يەنە قايتىپ كەلدى، ئەنە ئۇ يەردە باللىرى بىلەن كۆز يېشى قىلىۋاتىدۇ، ئۇ سىلىگە ناماقۇل بولماقچى.

ئۇنىڭ ئاۋازى دانە- دانە ۋە شۇنچىلىك يېقىملىق چىقتىكى، چوكاننىڭ ئېرىدىنى ئاخىرى زۇۋان سۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى:

— ئاكا، ساقاللىرىنى دېمىسەم تىللىۋېتەتتىم جۇمۇ! مەن بىلەن نېمە چاتاقلىرى؟ ئۇنداق ۋاپاسىز خوتۇننىڭ ماڭا كېرىكى يوق!

ئۇنىڭ نەيزىدەك قادىلىپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرىدىن چارساقال كىشىنىڭ جەزمەن ئاچچىقى كېلىدۇ ۋە ئۇمۇ بىر- ئىككى ئېغىز قاتتىق گەپ قىلىپ يېشىنى قېقىپ كېتىپ قالىدۇ، دەپ جەزىم قىلىۋىدىم، ئىش مەن ئويلىغاندەك بولمىدى، چارساقال كىشى ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ئۆز نەسىھىتىنى داۋام قىلىشتىن يالتايمىدى.

— ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە ئۇكام، ئاياللىرىغىمۇ كۆپ نەسىھەت قىلدۇق. ئۇمۇ سىلىنى، باللارنى تاشلاپ كېتىپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلدى.

بۇ نۆۋەت چوكاننىڭ ئېرى قايتا گەپ ياندۇرمىدى.

چارساقال كىشىنىڭ گەپلىرى چوكاننىڭ ئېرىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرگەن سېمىز خوتۇن نەسىھەتنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇنداق قىلمىسىلا ئۇكام، بىز ئايال كىشىلەرنىڭ ئاغزىمىز ئىتتىكرەك، ھەدېسە ئاغزىمىزغا كۆرچەيمىز، بايام سىلە ئاياللىرىغا شۇنچە چىرايلىق گەپ قىلىۋىدىلىمۇ، ئۇنىڭ لەۋزىلىرىنى يەردە قويمىنى يامان بولدى، سىلىنىڭمۇ قول ئۇزاتقانلىرى ياخشى بولماپتۇ. خورسىلە ئۇكام مەن سىلىنى ئۆزەم يارىشتۇرۇپ قوياي.

باشقىلارمۇ «مانا ياخشىدەك گەپ بولدى، ئەمدى بولدى قىلايلى» دېيىشكىلا سېمىز ئايال ئەركەكنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تارتىۋىدى، ئۇ ئۇنىمەيلا سۆرىمىدىن چۈشتى ۋە بېشىنى سالغىنچە سېمىز خوتۇنغا ئەگەشتى.

كىشىلەرنىڭ ئېرىدىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چوكان ۋىللىدە قىزىرىپ يەر ئاستىدىن ئېرىگە قارىغاچ ئىزا تارتقان پېتى ئالدىغا ئىككى- ئۈچ قەدەم تاشلىدى. باللارنىڭ بىرى دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىر قولىدىن تۇتۇپ ئانىسى تەرەپكە سۆرەشكە باشلىدى.

ئەر- خوتۇن قايتا ئۇچراشتى. چوكان ئۆز سەۋەنلىكىنى بويىنىغا ئالغاندەك كۈلۈمسىرەپ، چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئوينىۋېتىپ «خاپا بولمىسىلا» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن مىڭ تەسلىكتە چىقاردى. ئەر كىشى دېگەن ئەلۋەتتە ئاياللاردەك تارتىنچاق ئەمەس، ئايالىنىڭ بۇنداق كۈلۈمسىرىشىنى ۋە ناماقۇل بولغانلىقىنى كۆرگەن ئېرى 40 قا يېقىن يولۇچىنىڭ ۋە باللىرىنىڭ ئالدىدىلا ئايالىنىڭ قولىنى كاپ قىلىپ تۇتۇپ «جۈر خوتۇن ئۆيگە كېتەيلى، چۈشلۈك تاماق ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى» دېدى ۋە ئۇنى دەرۋازا تەرەپكە تارتتى.

ئۇلار باللىرىنىڭ قوللىرىدىن يېتىلىگىنىچە ھېچ ئىش بولمىغاندەك پاراڭلاشقاچ دەرۋازىدىن چىقىپ دۇقمۇشتا بۇرۇلدى- دە، كۆزدىن غايىپ بولدى. ئۇلار ئېھتىمال خوشاللىقىدا ئىسمىنى يوقاتتى بولغاي، ئۆزلىرى ئۇچرىغان كۆڭۈلۈپ پىشقان كىشىلەرگە خوش دەپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. مەن ئەدەپسىزلىكتىن باشقىلار

(ئاخىرى 52- بەتتە)



مەردان موللا. ئەخمەت موللا ئاكىلار مۇقام ئېيتماقتا.

جۆرى قادىر فوتوسى



12 ياشلىق ئەخمەتجان راۋاپ چالماقتا



كىچىك ئىز باسارلار

چۈشەنگۈلۈك سىزغان

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى


(قوش ئايلىق ئەدەبىي ژورنال) 34 - يىل نەشرى 1985 - يىل 6 - سان

新疆文化（维吾尔文）

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت سارىيى نەشر قىلدى

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

تىراژى: 6٠000 — 6 ژورنال ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قەرەللىك ژورناللارنى تىزىملاش نومۇرى: 361

تاق ئايلارنىڭ 20 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ، تېلېفون نومۇرى: 28055 باھاسى 30 پۇڭ